مۇھەممەد رەھىم

# جان تەسەددۇق



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داڭلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

| | |
|---|---|
| ئابدۇخالىق ئۇيغۇر | **ئاچىل** |
| لۇتپۇللا مۇتەللىپ | **يىللارغا جاۋاب** |
| نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي | **ئالدىدا** |
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | **ئۆمۈر مەنزىللىرى** |
| تېيىپجان ئېلىيېۋ | **تۇگىمەس ناخشا** |
| مۇھەممەد رەھىم | **جان تەسەددۇق** |
| مۇھەممەتجان راشىدىن | **ئانا تاغلار** |
| بوغدا ئابدۇللا | **قەدىمي يارغولدا كەچ كۈز** |
| روزى سايىت | **ئانا تىلىم — زەر تىلىم** |
| ئوسمانجان ساۋۇت | **زېمىن قەسىدىسى** |

ISBN 978-7-228-11684-3
9 787228 116843 >
定价：15.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

مۇھەممەد رەھىم

# جان تەسەددۇق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

奉献生活：维吾尔文/买买提·热依木著. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11684—3

Ⅰ.奉… Ⅱ.买… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081048 号

作　　者　买买提·热依木
责任编辑　巴力江·孜帕尔
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
特约校对　阿依古丽·亚森
封面设计　艾克拜尔·沙力
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　0991—2827472
邮政编码　830001
印　　刷　新疆新华印刷二厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　4.875
插　　页　4
版　　次　2008 年 7 月第 1 版
印　　次　2009 年 2 月第 2 次印刷
印　　数　5001—8000 册
定　　价　15.00 元

# نەشرىياتتىن

شائىر مۇھەممەد رەھىم 1926 ـ يىلى 6 ـ نويابىردا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1933 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە ئوقۇپ، 8 ـ سىنىپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دادىسى بىلەن ياغاچچىلىق قىلغان. 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «كۈرەش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1948 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومدا ئوقۇغان. 1951 ـ يىلى قەشقەرگە بېرىپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىدە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1954 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1956 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يىل 2 ـ ئايدا «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

مۇھەممەد رەھىم 6 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ قالغان. ئۇ 7 ـ ۋە 8 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خەلق قوشاقلىرىغا تەقلىد قىلىپ شېئىر يېزىشنى باشلىغان. ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان يىللاردىمۇ شېئىر مەشقىنى توختاتمىغان. شۇ

www.uyghurkitap.com

يىللاردا داۋۇت تۇرەھمەتوف، ئىمىنجان ئەھمىدى، نىمشېھىت (ئەرمىيا ئېلى) لارنىڭ يېتەكلە-
شى بىلەن خېلى تۈزۈك شېئىرلارنى يازالايدىغان بولغان .

مۇھەممەد رەھىم «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ 1947 ـ يىل 4 ـ سا-
نىدا ئېلان قىلىنغان «مىلتىقىم» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات قوشۇ-
نىغا كىرىپ كەلگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى گېزىت ـ
ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى . 1962 ـ يىلىدىن 2006 ـ يىلىغىچە
ئۇنىڭ «بەخت ناخشىلىرى»، «گۈلباھار»، «ئايدىڭ كېچە»، «سىغى-
نىش»، «غۇنچىلارغا»، «مۇھەببەت سەۋدالىرى» ناملىق شېئىر توپلام-
لىرى نەشر قىلىندى. ئۇ تۈزگەن «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» توپلىمى
1983 ـ يىلى نەشردىن چىقتى. ئۇنىڭ يەنە 2004 ـ يىلى نەشردىن چىق-
قان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قاپىيە لۇغىتى» ناملىق كىتابى ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتى ساھەسىدىكى بىر قىممەتلىك ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ توپلامغا شائىر مۇھەممەد رەھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە
ئىگە مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

## مۇندەرىجە


مىلتىقىم ............................................................ 1
باھار قوشاقلىرى (چاتما شېئىر) ........................................ 3
باھار كەپتۇ كۆرگىلى ................................................... 3
مەن ۋە باھار .......................................................... 4
باھار شاۋقۇنى ......................................................... 5
باھارنى كۈتۈش ......................................................... 6
گۈلباھار .............................................................. 6
جان تەسەددۇق .......................................................... 8
كۆز شاملى ............................................................. 10
ھايات ۋە ئۆلۈم ........................................................ 12
شاھمات ئويۇنى ......................................................... 14
ھەزىلگە جاۋاب ......................................................... 15
ئايدىڭ كېچە ........................................................... 17
تەبىئەتكە خىتابىم ...................................................... 20
تەگرىتاغ .............................................................. 22
تىللىسا ............................................................... 24
سېغىنىش مەكتۇپى ....................................................... 25
مەنىلىك قاراشلار ...................................................... 28
مۇھەببەت — چىرايلىق گۈل ................................................ 29
ئىبھتىيات .............................................................. 30
ئىزىققان سىڭلىمغا ...................................................... 31

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سوئالغا جاۋاب ........ 32
كىشى قەلبى ........ 33
ئىككى تارىم ........ 35
ئاتمىشىنچى كالېندار ........ 37
ئىسقا قارشى چۇقانلار (چاتما شېئىر) ........ 39
گېزىتنىڭ ئەرزى ........ 39
بىھۇدە خىراجەت ........ 40
مېھمىنىمغا ........ 40
كىمنىڭ ئورۇنسىز؟ ........ 41
تاماكا چەكمەڭ! ........ 41
مۈشكۈل سوئال ........ 41
كاناي بىلەن تۈتۈن ........ 42
تاماكىنىڭ ئىقرارى ........ 43
ئادەتنىڭ دورىسى ئىرادە ........ 46
جەڭ ئېلانى ........ 47
قىرلىق ........ 48
يۆتەل ........ 49
شېئىرغا ئىلتىجا ........ 52
ئۇرغۇي ئەمەس، ئۇيغۇر ........ 54
نەۋرە قوشىقى ........ 56
مۇھەببەت ........ 58
قوشماق كۇپلېتلار ........ 59
سۆزلە، ئاپئاق ساقلىم ........ 59
ئۇلۇغ ئارزۇ ........ 59
نەس باسقان كىشى ........ 60
ئۇيالماپتىمەن ........ 60
بوزەك ۋە روزەك ........ 60

# مىلتىقىم

كۆز نۇرۇم، ئىشقىم، مادارىم، شانۇ شەۋكەت مىلتىقىم،
يولدىشىم، ئالتۇن بېشىم، بەختىمگە بەرىكەت مىلتىقىم.
سەن مېنىڭدەك مىڭلىغان مەرد جەڭچىنىڭ چىن ئامرىقى،
ياش يۈرەك يەكپارىسى سەن، ئىشقى لەززەت مىلتىقىم.
مەن ئۈچۈن ھەمكارمۇ سەن، تۇلپارمۇ سەن، گۈليارمۇ سەن،
تاغۇ تاش، چۆللەردە ھەمراھ، يارۇ ئۈلپەت مىلتىقىم.
دەس ئېلىپ ئاسسام سېنى، خانتەڭرىدەك مەغرۇر ئۆزۈم،
مېھرى ئىللىق، جانغا راھەت، تەنگە قۇۋۋەت مىلتىقىم.
ئوق مۈرەمدە يالتىراپ تۇرساڭ پەقەت گۆھەر خىجىل،
قامىتىمگە زەپ ياراشقان زىبۇ زىننەت مىلتىقىم.
سەن بىلەن يۈرسەم قاتار بوينۇمغا ئوق - مارجان ئېسىپ،
زوقلىنار يارىم كۆرۈپ، گۈلگۈن قىياپەت مىلتىقىم.
كۆز تىكىپ ھەريان بېقىپ تۇرسام قاراۋۇللۇقتا مەن،
ئەيمىنىپ تىترەيدۇ دۈشمەن، سۈرى ھەيۋەت مىلتىقىم.
سەن كۈرەش مەيدانىدا جەڭ سازىنىڭ تەمبۇرچىسى،
تاۋۇشۇڭ بىزگە مەدەت، دۈشمەنگە نەپرەت مىلتىقىم.
جەڭ ئارا سەپ ئالدىدا سەن بەسلىشىپ توپلار بىلەن،
ئوق ئېتىپ ئويناپ شاراقلايسەن كارامەت مىلتىقىم.
پەيتى كەلگەندە ياۋۇزلار ئۈستىگە بارسام بېسىپ،
ھەر ھۇجۇمنى ھەل قىلىشتا مىسلى غەيرەت مىلتىقىم.
كەلسە ئالدىمدىن چايانلار «گاچ» ئېتىپ نەيزەڭ بىلەن،
باغرىنى مۈزدەك يېرىشتا جەزمى شىددەت مىلتىقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەلسە ئارقامدىن ئۇرۇپ «قارس» بۇرنىغا پاينەك بىلەن،
قاقشىتىپ يەر چىشلىتىشتە خوپ ماھارەت مىلتىقىم.
ياۋ مېنى ئۇرماق بولۇپ سوزسا نىجاسەت قولىنى،
زەربىسىگە نەق جاۋاب بەرگەن ئالامەت مىلتىقىم.
مەن شۇڭا باغرىم تېڭىپ ئاسراپ سىلايمەن جان قېقىپ،
باشتا بىز قۇربان بېرىپ ئالغاچقا قىممەت مىلتىقىم.
قانچە يىل ئارمان قىلىپ يەتتىم ساڭا ئاخىر بۈگۈن،
ئەرزىمەس قىلسام سېنى بېشىمچە ھۆرمەت، مىلتىقىم.
بەتبەشىرلەر قولىدا مەيۈس ئىدىڭ ئۆتكەن كېچە،
ئەمدى تاپتىڭ ئەل ئۈچۈن ئىشلەشكە پۇرسەت، مىلتىقىم.
تەرىپىڭ پۈتمەس سېنىڭ، شۇڭلاشقا مەن خۇشتار ساڭا،
ئاجرىماس سەندىن رەھمى، تاجۇ دۆلەت مىلتىقىم.

1947 ـ يىل 4 ـ مارت، جىڭ ناھىيىسى



# باھار قوشاقلىرى

(چاتما شېئىر)

## باھار كەپتۇ كۆرگىلى

بەخت بىلەن قۇچاقلاشقان ۋەتىنىم،
قۇتلۇق بولسۇن خاسىيەتلىك باھارىڭ .
باھار سىرى گۈللىمەكتە، كۆلمەكتە
تاغ، چۆللىرىڭ، ۋادىلىرىڭ، دىيارىڭ .

باھارىڭنى قارشى ئېلىپ، قولۇمغا
قەدەھ ئالدىم ئەسلەپ سېنىڭ قەدرىڭنى .
ئەي ۋەتىنىم، ئاشۇ كۆمۈش قەدەھتىن
شەربەت ئەمەس، ئىچتىم سېنىڭ مېھرىڭنى .

بەخت ئەمەسمۇ شۆھرىتىڭنى مەدھىيىلەپ،
ئۆمۈر بويى مېھرىڭ بىلەن ياشىسام .
بەخت ئەمەسمۇ تۆكۈپ ماڭلاي تەرىمنى،
چۆللىرىڭدە باغۇ بوستان ياسىسام .

چۈنكى مەنمۇ قۇچىقىڭدا سەن بىلەن
ھەممىنى تەڭ كۆرۈپ ئۆسكەن پەرزەنتىڭ .
قىشلىرىڭنى باھار بىلىپ قەدىرلەپ،
باھارىڭنى كۈيگە قاتقان سازەندىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بەخت بىلەن قۇچاقلاشقان ۋەتىنىم،
باھار كەپتۇ سېغىنىپ سېنى كۆرگىلى .
ئەندىز ئالسۇن باھار سېنىڭ ھۆسنۈڭدىن،
جاھان ئارا ئۇلگە قىلىپ يۈرگىلى .

## مەن ۋە باھار

باھار ئېيتار: مەندىن شادلىق ياغار دەپ،
قانىتىمغا پۈتۈن جاھان سىغار دەپ .
شۇنىڭ ئۈچۈن ماختىنىشقا ھەقلىق مەن،
مېنىڭ ئىسمىم جىسمىم بىلەن باھار دەپ .

مەن ئېيتىمەن: سەن چىرايلىق باھار سەن،
يەر يۈزىگە يېشىل مەخمەل يايارسەن .
بىزنىڭكىدەك ھۆر ۋەتەننى كۆرگەندە،
ساخاۋەتلىك يامغۇر بولۇپ ياغارسەن .

بىراق بەختىڭ ئوخشاش ئەمەس ھەر جايدا،
قانچە ئەلگە مەيۈس نەزەر سالارسەن .
دەل ـ دەرەخلەر شاخلىرىدا بىر مەزگىل
مۇڭلۇق، غېرىپ كۈيچى بولۇپ قالارسەن .

ـ توغرا،ـ دېدى باھار چوڭقۇر بىر تىنىپ،ـ
شۇنى ئويلاپ خىيالىمدىن ئازارمەن .
كۈلدۈرەلمەي ئاشۇلارنىڭ قەلبىنى،
دېگۈم كېلەر: شۇنداق ئەلدىن بىزارمەن .

كۆرسەم ئەگەر شۇ ئەلدىكى قىسمەتنى،
غەمگە پېتىپ ئېغىر نەپەس ئالارمەن .

قاچانغچە يۈرىكىمنىڭ تېڭىنى
مۇڭ ۋە نەپرەت پىيالىسى قىلارمەن؟!

دېدىم:ــ ئاشۇ ئەللەردىنمۇ بىر كۈنى
يېڭى ھايات زوقى بىلەن يانارسەن.
پۈتۈن جاھان ئۆز بەختىنى تاپقاندا،
ئارزۇلىرىڭ ۋىسالىغا قانارسەن.

## باھار شاۋقۇنى

باھار كەلدى بىزنىڭ ئەلگە ئاتلىنىپ،
تەبىئەتنى ئويغىتىپ ھەم شادلىنىپ.
ئاپئاق ساقال زىمىستاننىڭ چەلپىكى
ئۇشتۇلدۇ ئەمدى ئىككى قاتلىنىپ.

قانچە ئايلار مۇز قېتىغا مۆكۈنگەن
تاغ سۇلىرى ئاچتى ئەمدى يۈزىنى.
ياقۇت كۆزلۈك بۇلاقلارغا قۇياشمۇ
مېھرى بىلەن تىكتى ئوتلۇق كۆزىنى.

توڭۇپ تىترەپ تاراپ كەتكەن بۇلۇتلار
چىقار ئەمدى ساياھەتكە توپلىشىپ.
بۇلۇت تۆككەن ئابىھايات سۇلىرى
ئاقار ئەمدى ئېرىقلاردا ئوينىشىپ.

ۋەتىنىمدە بۇگۈن باھار بايرىمى،
داغدۇغىلىق باھار تويى شاۋقۇنى.
تەبىئەتنىڭ كۈلكىسىگە جور بولۇپ،
يۈرەكلەردە ياندى ئەمگەك يالقۇنى.

## باھارنى كۈتۈش

مېھرى ئىللىق، ھۆسنى زىبا، ئەي باھار،
ئاشىقلىرىڭ ساڭا شۇنچە ئىنتىزار .
تاغلار كۈتەر كۆكسىنى كەڭ كەرگىلى،
باغلار كۈتەر نازۇ نېمەت بەرگىلى .
قۇشلار كۈتەر زىمىستاندىن زارلىنىپ،
بۇلبۇل كۈتەر قىزىلگۈلنى سېغىنىپ .
گۈللەر كۈتەر باغلاپ ساڭا ئىشتىياق،
ۋادىلارغا چاچايلى دەپ خۇش پۇراق .
كۈتەر يەنە مەجنۇنتاللار، سۆگەتلەر،
قار ئاستىدا ياتقان سەبىي كۆچەتلەر .
باھار، سېنى كۈتەر شۇنداق يەر - جاھان،
شۇڭلاشقىمۇ قەدرىلىك سەن ھەرقاچان .
قەدرىڭ سېنىڭ قىشنى قوغلاپ كەلگىنىڭ،
تەبىئەتكە يېڭى چىراي بەرگىنىڭ .
باھار دېمەك پەسىللەرنىڭ سەرۋىرى،
داۋالغۇدى ئېتىز - ئەمگەك لەشكىرى .

## گۈلباھار

يېڭى قوشنام تۇنجى پەرزەنت كۆرۈپتۇ،
پەرزەنتىنىڭ ئىسمى ئىكەن گۈلباھار .
بىر كۆرۈپلا تەئەججۈپكە چۆمۈلدۈم،
ئېسىڭ دېدىم قىزىڭىزغا تىلتۇمار .

قوشنام دېدى: شۇ ئىسمنى خوپ كۆردۈم،
كامال تېپىپ ياشنىسۇن دەپ باھاردەك .

دىدىم شۇندا: باھار كۆرسە بۇ قىزنى،
خىجىل بولۇپ قىزارماسمۇ ئاناردەك.

گۈلباھارنىڭ چېھرىدىكى گۈزەللىك.
بىرلا تامچە گۈزەللىكى ۋەتەننىڭ.
تېخى ئۇنىڭ ئىستىقبالى، تەلىيى
گۈزەلرەكتۇر باھارلاردىن تۈمەن مىڭ.

1963 – يىل يانۋار، فېۋرال، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

## جان تەسەددۇق

ئىشقا بارسام، دىلبىرىم، ئىش ئۈستىدە كۆردۈم سېنى،
دائىما ئۆرنەك بولۇشنىڭ قەستىدە كۆردۈم سېنى .
ئىپتىقنا، قاچان قۇتۇلغان قايسى ئىش سەندىن قېچىپ،
ھەممىگە ماھىر چەۋەنداز تەرزىدە كۆردۈم سېنى .
ئەتىياز قارلىغاچلىرى كەلمەي تۇرۇپ گاڭ ئات بىلەن
يەرنى تىلغاپ، كەڭ ئېتىزنىڭ كۆكسىدە كۆردۈم سېنى .
ئوڭ مۇرەڭدە كەتمىنىڭ، مەھكەم ئورالغان چاچلىرىڭ،
مايسىلار چۆمگەن سۈزۈك سۇ ئەكسىدە كۆردۈم سېنى .
ھەر شېخى ئونلاپ چېچەك قىسقان كېۋەزلەر بەستىگە
سەپسېلىپ باقسام، چېچەكلەر ھۆسنىدە كۆردۈم سېنى .
جۈت ئۈرۈپ يا ھال چۈشۈپ ياغدۇرسا ئاپەت قەھرىنى،
ھالى نىمجان مايسىلارنىڭ غېمىدە كۆردۈم سېنى .
قانچە ئاپەتلەرنى يەڭدىڭ قەھرىگە بەرداش بېرىپ،
يەم ـ پاراسەتنىڭ مۇزەپپەر تەختىدە كۆردۈم سېنى .
ئورما ئورغاندا بولۇپ سەپداشلىرىڭنىڭ سەركىسى،
«زەربىدار» دەپ ھەممە ئەلنىڭ لەۋزىدە كۆردۈم سېنى .
خەلقئالەم ئالدىغا كەڭ داستىخان سالماق ئۈچۈن
چەشلىرى ئاسمانچە خامان ئىلكىدە كۆردۈم سېنى .
كۆزلۈكى توي ۋاقتىدا ناخشاڭ بىلەن، كۈلكەڭ بىلەن
يېزا بويلاپ ياڭرىغان شوخ بەزمىدە كۆردۈم سېنى .
دىلبىرىم، سەن يېزىنىڭ شۇنداق چېۋەر، داڭدار قىزى،
ھەر مەھەل ئىشنىڭ، چېلىشنىڭ ئەۋجىدە كۆردۈم سېنى .

يېزا ياشناپ گۈللىسۇن دەپ ئوتىدا كۆيدۈك ئۈنىڭ،
سۈيىدە ئاقتىڭ، رىيازەت دەشتىدە كۆردۈم سېنى.
شۇ ئەقىدەڭ ھەققىگە مىننەت، تەمەددىن سەن يىراق،
راھىتى كەلگەندە كۆپىنىڭ كەينىدە كۆردۈم سېنى.
مەنمۇ باغلاندىم شۇڭا رىشتىڭگە بىر شەيدا بولۇپ،
مەن ئەمەس، مىڭلاپ يىگىتنىڭ قەلبىدە كۆردۈم سېنى.
تەرىپىڭنى كۈيلىدىم ئىزھار قىلىپ ئىشقىمنى مەن،
ھەر خىيالىمدا كۆڭۈلنىڭ مۈلكىدە كۆردۈم سېنى.
جان تەسەددۇق، دىلبىرىم، سەندەك ئېتىز تۇلپارىغا،
دەۋرىمىزگە ئىشقىيانە كۈلكىدە كۆردۈم سېنى.

1963 ـ يىل 9 ـ ئىيۇن، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۆز شاملى

كۆز شاملى يەلپۈپ ئۆتتدۇ،
قاناتلىرى يۇمشاق، غۇبارسىز .
كەلمەيدۇ ئۇ بىزنىڭ تەرەپكە
خۇش چىرايسىز ، خۇشبۇي ئىپارسىز .

كۆز شاملى يەلپۈپ ئۆتتدۇ،
بېغىشلايدۇ دېھقانغا ھۇزۇر .
چۈنكى كۆزنىڭ ھۆسنى بىر جەننەت،
ھالاۋىتى ئۇنىڭدىن يۇزۇر،

كۆز شاملى يەلپۈپ ئۆتتدۇ ،
ئەركىلىتىپ ئېتىز - ئېرىقنى .
چۆمدى ئېتىز قىشلىق ئۇيقۇغا،
باخاش ئېتىپ كۆزگى ئۇرۇقنى .

كۆز شاملى يەلپۈپ ئۆتتدۇ،
دەرەخلەردىن تۆكىدۇ ياپراق .
بۇ قىلىقى- دېگىنى ئۇنىڭ :
خامىنىڭنى يىغۋال پاتراق!

كۆز شاملى ئېتىز ئارىلاپ،
دېدى كۆرۈپ قانچە خامانى:

«قانائەتنىڭ شېرىن خىيالى
باسقانمىدۇ بۇندا دېھقاننى ؟ ...»

كۆزى چۈشۈپ كايىماق بولدى
كېۋەز، قوناق، قارا ئاشلىققا .
كۆزى چۈشۈپ ھەيرەتتە قالدى
موكىلاردەك ئالدىراشلىققا .

كۈز شاملى دېدى ئۆزىگە:
«ياكى بۇ يىل كەلدىممۇ بالدۇر .»
تەئەججۈپتىن قۇتقازغان ئۇنى
نەمۇنىچى ئىشچان ئايالدۇر .

كۈز شاملى ئېلىپ قاچقاندا
رومىلىنى ئىشچان ئايالنىڭ ،
دېدى ئايال پەرۋا قىلماستىن
چاقچىقىغا بۇ شوخ شامالنىڭ :

«يىغىم ۋاقتى،
ئىشىم ئالدىراش!
رومال كېرەك بولسا ئېلىپ كەت .
غەم قىلايمۇ، ئېلىۋاتساق بىز
يىلدىن ـ يىلغا پۈتمەس بەرىكەت .»

1965 ـ يىل 24 ـ ئۆكتەبىر، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھايات ۋە ئۆلۈم

ھايات ۋە ئۆلۈم سەيياردىمىزگە
ئىللىق قۇياشتىن بېرىلگەن سوۋغا.
سەيياردىمىزمۇ قوبۇل قىلغانىكەن
ھەشقاللا دېمەي،
كۆتۈرمەي غوۋغا.

ھايات ۋە ئۆلۈم شۇنچە يېقىنكى،
بىر جۈپ قوشكېزەك، كىندىكى تۇتاش.
ھايات كەينىدىن قالمايدۇ ئۆلۈم،
ھىجرانغا ئۇلار بېرەلمەس چىداش.

ھايات ۋە ئۆلۈم شۇنچە يىراقكى،
مەنە ئارىسى ئاسمان ـ زېمىندەك.
ھايات كېلىدۇ مۇھەببەت بىلەن،
ئۆلۈم كېلىدۇ ئالۋاستى، جىندەك.

ھايات قەدىرلىك، شېرىن ۋە گۈزەل،
قەدرىن بىلمىسەڭ مەنىدىن يىراق.
ئۆلۈم ئەزەلدىن نامەرد، رەھىمسىز،
دەھشەت سالىدۇ يېلىنساڭ بىراق.

ئۆلۈمدىن يامان نامەرد تىرىك بار،
تىرىكتىن ئەلا ئۆلۈممۇ مەۋجۇت.
هايات ـ ماماتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى
مەنە تەكتىگە ئورنىغان مەزمۇت.

نامەرد ئۆلۈمنىڭ زەخمەتلىرىدىن،
نامەرد تىرىكنىڭ زىيىنى يامان.
زىيان ـ زەخمەتلەر توسسىمۇ يولنى،
مەنزىلگە چوقۇم بارىدۇ جاھان.

1974 ـ يىل 3 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## شاھمات ئويۇنى

قارا پەرزىن چىقتى ئالغا شاھدىن رۇخسەت ئېلىپ،
بىر قاراپلا يان تەرەپتىن «شاھ!» دېدى تەھدىت سېلىپ .

بىر بىسىپ ئاق پىشكا شۇئان «شاھ»قا بەرگەندە جاۋاب،
«شاھ!» دېدى پەرزىن يەنە تەكرار ھۇجۇمغا ئالدىراپ .

قوغدىدى ئاق پىل چىقىپ قالقان بولۇپ شاھ ئالدىنى،
شۇندا پەرزىن توپنى كۆزلەپ ئاچتى ئالدام خالتىنى .

«گەردى!» دەپ چۈشكەندە ئاق ئات، قاردى ئەتراپىغا،
تاپتى بىر پىنھاننى ئۇ، دەرھال چىكىندى ئارقىغا .

يەنە بىر ئاق ئات كىلىپ «گەردى!» دېدى ھەم «شاھ!» دېدى،
شاھ قۇتۇلدى بىر بىسىپ، پەرزىن يىقىلدى ـ ئاھ دېدى .

پىشكىلار نىقتاپ بۇلۇڭغا «شاھ!» دېيىشتى قاتمۇ قات،
توختىماي قىلغان ھۇجۇمدىن قىستىلىپ شاھ بولدى مات .

* *

بۇ ھاياتلىق ئالىمى گوياكى شاھمات تاختىسى،
زىددىيەتلەر جان تىكىپ ئوينايدىغان جەڭ سەھنىسى .

1975 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## هەزىلگە جاۋاب

1974 ـ يىل 12 ـ ئايدا شائىر مۆمىن سەپىرى بىر قانچە قەلەمكەشكە «دوستلۇق هەزىلى» يېزىپ ئەۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ ماڭا تېگىشلىك كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ماڭار چاغدا مۇھەممەد رەھىم ۋېلسىپىتنى سېتىپتۇ،
بېرىپ ئەمدى قەشقەرنى ئۇ ماكان قىلىپ يېتىپتۇ.
گۈزەل قەشقەر گۈل ھۆسنىدىن ئىلھاملارغا پېتىپتۇ،
مەدھىيىلەپ دەۋرىمىزنى قوشاقلارغا قېتىپتۇ،
يازالماستى يۈرىكىدە شېئىرىي ئىلھام بولمىسا.

مەن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مۇخەممەس بىلەن جاۋاب يازدىم:

قەدىردان دوستىمىز مۆمىن ۋە ھەممىڭلار سالامەتمۇ؟
ئۇتتۇقلۇق ھەم كۆڭۈللۈكمۇ ئىجاد، خىزمەت، مەئىشەتمۇ؟
يېزىپسىز ياد ئېتىپ بىزنى ھەزىل بىرلە سالام خەتمۇ،
ئايان بولدى شۇ بۇ خەتتىن بۇرادەرلىك مۇھەببەتمۇ،
قۇرۇق قالماپتۇ چاقچاقتىن رەھىم ئوغلى مۇھەممەدمۇ.

تۆكۈلگەن بولسىمۇ كىندىك قېنىم سۆيدۈك دېگەن يەرگە،
بولامدۇ قەدرى ئۆز يۇرتنىڭ مېنىڭدەك كەم ئەقىل ئەرگە.
ئۆزۈم ئارزۇ قىلىپ باردىم ئەزىز ئاستانە قەشقەرگە،
نېسىپ بولدى يېنىپ كەلمەك ئۇرۇمچى شەھرى سەرۋەرگە،
كەسىپ ئورنۇمغا يۆتكەلدىم يېتىپ كەلگەندە يۇرسەتمۇ.
«يامانلاپ كەتتى قەشقەردىن» دېگەنگە رەددىيە بەردىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىلى دەپ چاكى ـ چاك بولغان كۆڭۈلگە تەربىيە بەردىم
زېرىكتىم يۆتكىلىشلەردىن، ئۇنىڭغا خاتىمە بەردىم،
ئۆزۈمگە بىر سوئال قويدۇم: ۋەتەنگە مەن نىمە بەردىم؟
مېنىڭدەك يۆتكىلىپ يۈرگەن قىلالماس ياخشى خىزمەتمۇ.

ئاتاقتا ئىسمىڭىز مۆمىن سەپەردۇر ھەرقاچان سىزنىڭ،
ئەمەلدە بولسا قەشقەرگە تالاي ماڭغان سەپەر بىزنىڭ .
بۇ يولدا موكىدەك قاتناپ مادارى قالمىدى تىزنىڭ،
چىقىم بىرلە پۇشايمانىنى قوشۇپ كۆرسەك بولار يۈزمىڭ،
شۇ ھالدا ۋېلسىپىت تىلىغا ئىلىنماق سىزگە ھاجەتمۇ؟

مەدەت، ئىلھام بېغىشلاپسىز ئىجادىم ھەققىدە سۆزلەپ،
خىجىللىق ئىلكىدە سىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن يۈزلەپ .
يازارمەن غايىۋى نۇقسانلىرىمنى دەمبەدەم تۈزلەپ،
ئىجادىم قۇشلىرى ئۇچسا ئاداققى پەللىنى كۆزلەپ،
يېتىپ بارسا ۋىسال تاپقاي مېنىڭدە ئارزۇ ـ مەقسەتمۇ .

1975 ـ يىل 17 ـ ئىيۇن، سانجى



## ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، ئاپئاق، سۈزۈك كۆركەم كېچە،
سانسىز كۆزلەر تولۇن ئاينى كۆرگەن كېچە.
ئىختىيارسىز تارتىۋالدى مەسلىكىمنى
تەنگە ئارام، جانغا ھۇزۇر بەرگەن كېچە.

شۈنچە گۈزەل ئاسمان يۈزى، ھەتتا ئۇپۇق،
پۈتۈن ئەتراپ يىپىنىپتۇ كۈمۈش يوپۇق.
ئاينى بۈگۈن مېھمان قىلدىم دەيدۇ قۇدۇق،
سۇ يۈزىدە ئاي شولىسى كۈلگەن كېچە.

ئېكىنزارلار، يېشىل باغلار شۇ تۈرقىدا
خۇددى مەغرۇر كېلىنچەكتەك ناز ئۇيقۇدا.
لېكىن ئويغاق تەبىئەتنىڭ كەڭ قوينىدا
سۈچى يىگىت پۈچقىقنى تۈرگەن كېچە.

كەلمەكتە ئۇ چوڭ ئېچىقتىن سۇنى باشلاپ،
خىيال سۈرۈپ، سۇ بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ.
نېمىشقىدۇ، «ئەتتەڭ! ...» دېدى گەجگە قاشلاپ،
ئەسكە چۈشتى ئۆز يارىنى سۆيگەن كېچە.

ئۆتكەن ئاينىڭ بۈگۈنكىدەك ئاق كېچىسى
سۇ تۇتۇشتى ئۆز يېرىگە يار ئىككىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىنگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاشۇ كىچە ... مۇھەببەتنىڭ لىرىكىسى
قوش يۈرەكنىڭ تارلىرىنى چەككەن كىچە .

ماڭدى ئۇلار توي ھەققىدە پىكىرلىشىپ،
سۇنى ئۆتۈپ كەتتى ئاخىر پىچىرلىشىپ ...
ئېرىقتا سۇ ئاقار ئويناپ شىلدىرلىشىپ،
قىردىن ئېشىپ يولغا يامراپ كەتكەن كىچە .

كۆكتە تورغاي چۇرۇقلىشىپ قىلار پەرۋاز،
يېشىل بۇغداي ئىغاڭلىشىپ قىلماقتا ناز .
كەلدى شۇ چاغ شىپىر - شىپىر غەيرى ئاۋاز،
ئەنسىزلىكتىن شەپە ئىبلىپ كەلگەن كىچە .

يىگىت دەرھال قارىۋىدى ئارقىسىغا،
كىمدۇر بىرى كۆرۈندى يول ياقىسىدا .
جىم بولۇشتى مۆكۈپ سۆگەت دالدىسىغا،
سالدى تەشۋىش قاناتنى تار كەرگەن كىچە .

يىگىت دېدى: «ئۆتۈپ كەتتى بىزنى كۆرمەي»،
قىز دېدىكى: «كۆردى، ئەمما دەخلى بەرمەي
ئۆتۈپ كەتتى كۆڭۈل ئاياپ، يېقىن كەلمەي» .
يات كۆزلەرگە يولۇقتۇردى كۆتكەن كىچە .

يىگىت دېدى: «بىزگە پاناھ بولدى سۆگەت»،
«ياق،- دېدى قىز،- ئاي بىز بىلەن بىرىنچى رەت
قىرىشقاندەك سەتچىلىككە قويىدى قەۋەت» .
ئۆتتى شۇنداق كۆڭۈلنى غەش ئەتكەن كىچە .

كۆنلەر ئۆتتۈپ ئاي ياسدى شۇندىن كېيىن،
يىل ئۆتسىمۇ شۇ كېچىنى ئۇنتۇش قىيىن.
شۇندىن بۇيان يىگىتنى قىز دەيدۇ «قىلىن! ...»،
لەۋلەر بىلەن ۋەدىنامە پۈتكەن كېچە.

بۈگۈن شۇڭا «ئەتتەك ...» دېدى ئەسلەپ شۇنى،
شۇ خىجىللىق ئۇيالدۇردى تەكرار ئۇنى.
زېرىكسىمۇ ئۆزى يالغۇز تۈنتى سۇنى،
يارنى ئەسلەپ ئىش ئۇنۇملۇك ئۆتكەن كېچە.

قىز ـ يىگىت دەپ ئاتىدىم مەن ئىچىم كۆيۈپ،
زەپ تېپىشقان قىز ـ يىگىت بۇ دىلدىن سۆيۈپ.
يېقىندىلا توي قىلىشتى ئويناپ ـ كۈلۈپ،
مۇبارەكلەپ ئايمۇ چاچقۇ سەپكەن كېچە.

ئەنە شۇنداق ئاق كېچىلەر بەك چىرايلىق،
تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى نەپىس بايلىق.
ئەمگەككىمۇ، سەيلىگىمۇ ھەم قولايلىق،
ھارغىنلىقنى ھۇجۇم قىلىپ تەگكەن كېچە.

ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەرگە ياز كۈنلىرى
چۈمۈلدۇ ئىلى دەريا ساھىللىرى.
كۆرۈنمەيدۇ ئۇندا ھايات غايىپلىرى،
ئۆتتۈپ تۇرار مۇھەببەتكە يەلكەن كېچە.

1980 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## تەبىئەتكە خىتابىم

تەبىئەت، قۇچقىڭ ھېكمەتكە تولغان،
بىپايان ئالەم سەن ئۆلۈك ۋە تىرىك.
سەن بىلەن تونۇش مەن مۇشۇ زېمىندا،
بۇ زېمىن ئىلكىدە بىر تال قۇمچىلىك.

تىرىكلەر ئىچىدە ئاقىل ۋە زېرەك،
ئەڭ ئەزىز مەۋجۇدات پەقەتلا ئىنسان.
شۇ ئاقىل ئىنساننى سىناپ كۆرەي دەپ،
يارىتىپ قويۇپسەن مۈشكۈل ۋە ئىمكان.

تەبىئەت، ئۆرگىلەي كارامىتىڭدىن،
بەك قىسقا ئۆزۈپسەن ئىنسان ئۆمرىنى.
بېخىللىق قىلىپسەن دېيىش نادانلىق،
ئويلاپسەن بىلسۇن دەپ ھايات قەدرىنى.

قەدرىنى بىلگەنلەر چەكلىك ئۆمۈردىن
چەكسىز ئىمكان تېپىپ ياراتتى تۆھپە.
ئىجادكار ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتتى
تارىختا ئابىدە، قەلبلەردە قۇببە.

تەبىئەت، سەن بۇرۇن ئىلاھى ئىدىڭ،
چوقۇندۇرغان ئىدىڭ بىزنى سېھىرلەپ.

سىھىرنىڭگە قادالدى ئىدراك خەنجىرى،
بۇ خەنجەر كىرمەكتە بۆسۈپ ئىچكىرىلەپ.

مىڭلىغان تىلسىملىق «نېمە ئۈچۈن»لەر
شۇمشەيدى بىر - بىرلەپ تاپقاندا جاۋاب.
ئىلاھى تونۇڭنى يەشمەكتە بۈگۈن
ئىلىم - پەن كۆڭلۈڭنى تۇرماستىن ئاياپ.

قاناتسىز كارۋىنىڭ بولساقمۇ يەردە،
قىلىشقا باشلىدۇق يۇلتۇزغا پەرۋاز.
سۈرئەتتە تۇرىمىز نۇردىن كېيىنرەك،
ۋە لېكىن بىزدىن كۆپ ئارقىدا ئاۋاز.

ئۈمىدۋار ئىنسان بىز، نائۈمىد شەيتان،
ئۈمىدنىڭ مەشئىلى- سەن بەرگەن ئەقىل.
كۆرۈنگەن تاغنى بىز يىراق دېمەيمىز،
ئېسىڭدىن چىقمىسۇن مۇشۇ بىر نەقىل.

تەبىئەت، سىرىڭنى يوشۇرالمايسەن،
ئۆلۈمنى كۈشەندە قىلىپ ھاياتقا.
ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغان كىتابلار
يول ئاچار تېخىمۇ پارلاق ئىجادقا.

1980 - يىل 25 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# تەگرىتاغ

ئاتام ئۆزۈك، تەگرىتاغ،
قۇياش قونغان بېشىغا .
قەددىڭ ھەيۋەت، چېچىڭ ئاق،
مىليون يىل تەك يېشىغا .
– ئامانتۇر بايزاق

ئاق خالات يېپىنغان، ئاسمانىنى سۆيگەن،
ئەي يۈكسەك تەگرىتاغ، مەغرۇر، ئەزىم تاغ !
كىيىپسەن قار – مۇزدىن بېشىڭغا گۈلتاج،
باغلاپسەن بۇلۇتتىن بېلىڭگە بەلۋاغ .

بورانلار يەلپۈسە بۇرۇتلىرىڭنى،
شۇرغان ئوينايدۇ چېچىڭنى تاراپ .
يۇلتۇزلار ھېيقىپ چىقشار تۈندە،
خانتەگرى تۇرغاچقا غادىيىپ قاراپ .

ھەر تاڭدا ئورنىدىن تۇرغاندا قۇياش،
سەندىن ھال سورايدۇ ھۆسنۈڭنى كۆرۈپ .
تەبىئەت بىر ساڭا ساخاۋىتىنى
ئايىماي تۆككەنمۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ؟

ۋادىلار، ئويمانلار، يېشىل بوستانلار
سىلىنغان پاياندار ئىككى يېقىڭدا .

سىنىڭدىن بەھرىمەن دەريا ۋە كۆللەر،
بايلىقىم، خەزىنەم يۈرەك قېتىڭدا.

ئۈزۈندىن ئۈزاققا سوزۇلۇپ ياتقان
ئۆلكەمنىڭ مسالى ئومۇرتقىسى سەن.
ئىدىقۇت، بەشبالىغ، بالاساغۇنىنىڭ
جەڭلەردە ئەسقاتقان دۇبۇلغىسى سەن.

باشئەگىم ئۈستىدە تاھىر ۋە زوھرا
تۇرىدۇ، ئۇ گويا ئويغاق قاراۋۇل،
ياتىدۇ قوينۇڭدا رابىيە ـ سەيدىن،
نوزۇكۇم، رىزۋاندەك تالاي قىز ـ ئوغۇل.

تەڭرىتاغ، تارىخىڭ ئۆزۈڭدەك ئۈزۈن،
ئۆزۈڭدەك ئۇلۇغۋار، باتۇر ۋە ئۆچمەس.
مەھمۇدنىڭ دىۋانى، مىڭئۆي سەنئىتى...
سەن بىلەن دۇنياغا مەشھۇر، مۇقەددەس!

تەڭرىتاغ، سەن ئۇلۇغ خەلقىمگە سىمۋول،
ھەر سىقىم توپاڭغا قېنىمىز سىڭگەن.
ھەر تامچە سۈيۈڭدە مېھرىڭ يالتىرار،
ھەر گىياھ بىز ئۈچۈن تۆرەلگەن ـ ئۈنگەن.

تەڭرىتاغ، مەن سېنىڭ كۆرەشچان ئوغلۇڭ،
سەن مېنىڭ بۆشۈكۈم، يۇرتۇم، جەننىتىم.
بەختىيار ئەۋلاد مەن سەن بىلەن بىللە،
سەن بىلەن ياشايدۇ ئىجاد ـ مېھنىتىم.

1981 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## تىللىسا

خۇش بولارمەن كۆرسىتىپ ئەيىبىمنى ھەركىم تىللىسا،
مەيلى دوست ـ يار، مەيلى پۇقرا، مەيلى ھاكىم تىللىسا.
بولمىغاچ ئادەم ئەيىب، نۇقسانۇ ئىللەتتىن يىراق،
رەنجىمەس دانا كىشى ھەتتا مۇلازىم تىللىسا.
تەلۋىلەردىن تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىدىم ئون يىل ئۇدا،
تەۋرىمەس بولدۇم بۈگۈن دۈشمەنمۇ دائىم تىللىسا.
تىللىسا ئارقامغا باقتىم، ماختىسا ئالدىمغا مەن،
بولمىدى باتناش بىلەن مىسقالچە كارىم تىللىسا.
بۇ ھاياتلىقتا ئۇنىڭدىن ھېچ كىشى خالىي ئەمەس،
يامىنى شۇ ھەممىدىن ئۆلگەندە خەلقىم تىللىسا.

1981 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

# سېغىنىش مەكتۇپى

نېمىشقا سېغىنماي، قەشقەر، مەن سېنى،
شۇ تاپتا يەنە بىر قىلغۇم بار تاۋاپ.
بىر مىنۇت ئۇنتۇسام سەندەك ئانىنى،
تارىخقا نېمە دەپ بېرىمەن جاۋاب؟!

قانداقمۇ ئۇنتۇيمەن مېھرىڭنى سېنىڭ،
مېھرىڭسىز ياشىغان بارمۇ بىر ئۇيغۇر؟
شۆھرىتىڭ ئالدىدا نەقەدەر گۇناھ
ئۇنتۇلۇش سۆزىنى قىلماق تەسەۋۋۇر.

باردىم مەن ئاتقاندا ئازادلىق تېڭى،
سەن كەبى مەرىپەت، سەنئەت كانىغا.
كۆرۈپلا يۈرىكىم كەتتى ئويناقلاپ،
كەلدىم دەپ بوۋامنىڭ يۇرت ـ ماكانىغا.

يۈرەكنىڭ سىزىمى ـ مۇھەببەت كۈچى،
ۋەتەننىڭ مېھرىمۇ شۇ مۇھەببەتتىن.
شۇڭلاشقا بەستىڭنى تاۋاپ قىلماقلىق
ئەۋزەل دەپ بىلىمەن مىڭ ئىبادەتتىن.

يۈزۈمنى ياققاندا بوسۇغاڭغا مەن،
تاۋاپتىن بېشىمنى كۆتۈردۈك سىلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«سادىرنىڭ يۇرتىدىن كەلدىم مەن» دېسەم،
دېدىڭ: «ئۆز ئاناڭ مەن، يۇرمە ياتسىراپ.»

قويىنۇڭدا ئەركىلەپ يۈردۈم قانچە يىل،
ئەجرىمدىن شەپقىتىڭ كۆپ بولدى چەندان.
ياشلىقىم، ئىدرىكىم، قەلىمىمنى سەن
يالقۇنلار ئىچىدە تاۋلىغان مەيدان.

ھەر تىنىق ئالغاندا ھاۋايىڭ بىلەن،
يۈرىكىم تۆت قېتىم سوقتى شاد ـ خۇرام.
ھەر يۇتۇم ئىچكەندە تۈمەن سۈيىدىن،
كەۋسەرنى بىر قېتىم قىلدىم بىئارام.

قاندۇردۇڭ خىلمۇ خىل نېمەتلىرىڭگە،
تۇتماقتا ھازىرمۇ ئۇنىڭ خۇمارى.
كۆزۈمگە كۆرۈنەر خۇمارلىقتىن
جەننەتتەك باغلارنىڭ ئەنجۈر، ئانارى.

«قەشقەرنىڭ ئانارى» دېسە باققاللار،
سۆيۈنۈپ قولۇمغا ئالىمەن ئۇنى.
سورايمەن ئاناردىن: «ئۆزۈڭ كېلىپسەن،
شاخلىرىڭ، ياپرىقىڭ، تۇپرىقىڭ قېنى؟»

ئۇ دېدى شىۋىرلاپ: «قەشقەردە قالدى،
سېغىنغان بولساڭ يە، ئۇششاق سۆزلىمەي.»
مەن دېدىم: «يېشىلمەس خۇمارىم مېنىڭ
سېنى ئۆز يۇرتۇڭدا كۆرمەي ۋە يېمەي.»

سېغىنىش ھېسلىرى شۇنداق ئاجايىپ،
خىيالىي سۆھبەتلەر قۇرۇشقا ئامراق.

سىغىنىش ئەۋجىدىن ۋىسال ئۈمىدى
قەلبىمدىن ئۇرغۇدى كۆي بولۇپ ياڭراق .

نىمشقا سىغىنماي، قەشقەر ، مەن سىنى،
شۇ ئۈمىد كۆكسۈمدە تۇرسا جۇش ئۇرۇپ ! ؟
يۈرىكىم ئىستىمەس ئۆزگە جەننەتنى،
تارىخىم، شەرىپىم، بەختىم سەن تۇرۇپ .

1981 ـ يىل 1 ـ مارت، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مەنلىك قاراشلار

ئاي ۋە كۈندىن نۇر تەمەسسىز نۇرى ئەپشان كۆزلىرىڭ،
يورۇتار ھۆسنۈڭنى كۈن ـ تۈن ماھتابان كۆزلىرىڭ .
ھۆرۇ غىلمانلار بىلەن سورۇندا ئولتۇرساڭ ئەگەر،
ھەممىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقاي ھۆكۈمران كۆزلىرىڭ .
كۆز بىلەن كۆز ئۇچرىشار، ئەمما سىنىڭ ئۇچراشمىسۇن
دەپ ھەزەر قىلساممۇ ئۇچراپ قالدى سۇلتان كۆزلىرىڭ .
كۆزلىرىمنى قىلدى تەسلىم بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
ئۈچ قاراشتا بۇ كۆڭۈلگە ياقتى گۈلخان كۆزلىرىڭ .
تۆت قاراشتا چىن مۇھەببەتتىن ساۋادىڭ بارمۇ دەپ،
بىر سوئال قويدى ماڭا مەغرۇر، خىرامان كۆزلىرىڭ .
بار دىبدىم جەزمىم بىلەن، بولدۇڭ ئىشەنگەندەك ماڭا،
سەپسىلىپ باشتىن ئاياغىمغا سىيادان كۆزلىرىڭ .
بەش قاراشتا، ئاھ، نىتەي، تۇتتۇم ئۇمىدنىڭ قولىنى،
ئىپتىدا ئىشقىمغا قىلدى خەيرۇ ئىھسان كۆزلىرىڭ .
مەنلىك، ئىللىق قاراشلار بولدى دىلغا تەرجىمان،
ئارزۇيۇڭنى سۆزلىدى ئاخىر ئۇياتچان كۆزلىرىڭ .
بىر ئىكەن ئارزۇيىمىز، بىر جۈپ ئىكەن بەختىم مىنىڭ،
ئەمدى مەندىن بىر جاۋاب كۈتمەكتە چولپان كۆزلىرىڭ .
سۆز بىرەي ئالدىڭدا مەن: قەترەمنى ئەلگە تۆكمىسەم،
بىر يولى قىلسۇن باھارىمنى زىمىستان، كۆزلىرىڭ .

1981 ـ يىل 29 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

## مۇھەببەت ـ چىرايلىق گۈل

مۇھەببەت ـ بىر چىرايلىق گۈل، ئۇنىڭدىن دىل ئۈزەلمەيسىز،
گۈزەل ياشلىقنى بۇ گۈلگە قىزىقماي ئۆتكۈزەلمەيسىز.
مۇھەببەت ـ چىللىسا كەلمەس، سېتىپمۇ ئالغىلى بولماس،
ئەگەر ئويغانسا ئۇ سىزدە، ئۇرۇپمۇ كەتكۈزەلمەيسىز.
كۆڭۈلگە چەك قويالماستىن كۆرۈنگەنگە كۆيۈپ يۈرمەك،
خېرىدارسىز مۇھەببەتنى يۈرەككە تەگكۈزەلمەيسىز.
مۇھەببەت تونىنى كىيگەن ھەۋەسمۇ ئۇچرىغاي سىزگە،
ئەقىلنى كۆزگە باش قىلماي قاراپ نەچچە سېزەلمەيسىز.
ئېلىپتەك قەددىڭىز دالدەك ئېگىلسە پەس ھەۋەس بىرلە،
پۇشايمان پەنجىسى قىسماي دونايلىقتىن تۈزەلمەيسىز.
مۇھەببەتمۇ سۆيەر پاكلىق، گۈزەللىك ھەمدە چىنلىقنى،
ئۇنىڭسىز ئىشقىڭىزغا ھەل بېرىپمۇ ھېچ بېزەلمەيسىز.
زامانىنىڭ ئىستىكى سىزدەك يىگىت ـ قىزلارغا روشەندۇر،
ساداقەتسىز مۇھەببەتنى مۇرادقا يەتكۈزەلمەيسىز.

1982 ـ يىل 14 ـ مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## ئېھتىيات

بىز تونۇشقاندىن بۇيان ئۇيغاندى مەندە ئېھتىيات،
قورغىلار سۆيگۈ ۋاپادىن غەم يېگەندە ئېھتىيات .
بىر سۆزۈمدىن باشقىنى سۆزلەپ تۈگەتتىم مەن ساڭا،
پۈتلىشار شۇ سۆزنى مەن ئېيتاي دېگەندە ئېھتىيات .
بىلمىدىم، ئالدىڭدا ھېچ تىل قىسلىقمىدۇ يوق تۇرۇپ،
قىلدىما، قىلغان كەبى بۇلبۇل چىمەندە ئېھتىيات .
جۈرئىتىمنى لال قىلىپسەن نائىنىق لەۋزىڭ بىلەن،
يوق ئىكەن ئاشىق ئۈچۈن مۇشكۈلگە سەندە ئېھتىيات .
ئۈندىمەسلىك ئادىتىڭمۇ ناز ـ كەرەشمەڭدىن بۆلەك،
ياكى قىينامدۇ سېنى بولۇپ كۆڭلۈمنى خار ئەيلەپتىمەن،
شۇ سەۋەبتىن ساڭىمۇ لازىم ئىكەن ـ دە، ئېھتىيات .
ئەمدى بىلدىم، ئۇ مۇھەببەتتە كۆڭۈلنىڭ تىزگىنى،
بىرىدۇ پۇرسەت ئەقىلگە ھەر دۆرەندە ئېھتىيات .
غەيرىي ئارزۇ، مۇددىئادىن قەلبىمىز پاك بولسىلا،
ئۆرىدۇ ئاخىر خۇشاللىق بىرلە خەندە ئېھتىيات .

1983 ـ يىل 14 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئېزىققان سىڭلىمغا

ئالدىراپ كەتكەن ئىدىڭ، سىڭلىم، ئېسىل يار تاپقىلى،
لەيلىدەك ھۆسنۈڭگە لايىق بىر خېرىدار تاپقىلى.
ئىزدىدىڭ دىلدارنى شوخ، ئويناق يىگىتلەر ئىچىدىن،
ئەھلى ئېرپاندىن، دېدىڭ، بولمايدۇ دىلدار تاپقىلى.
ئۆلچىدىڭ قەدرىڭنى سەن ماختاش سۆزىنى گىر قىلىپ،
قويمىدى گەجگەڭ سېنى ھەق سۆزگە ئىقرار تاپقىلى.
خۇلقى - پەيلىڭگە بېقىپ ئازدۇردى بەڭۋاشلار سېنى،
شۇ ئىدى ماڭغانلىقىڭ قەلبىڭگە بىمار تاپقىلى.
زىبۇ زىننەت ھەمدە كەچلىك سەيلىدىن تارتىنمىدىڭ،
چاچتى پۇل ئۇ سەن كەبى ئىشرەتكە خۇشتار تاپقىلى.
ئۇ يوقاتقان پۇل - پۇچەكنى ھەرقاچان مۇمكىن تېپىش ،
سەن يوقاتقاننى بىراق بولمايدۇ زىنھار تاپقىلى.

1983 - يىل 18 - يانۋار، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## سوئالغا جاۋاب

سوراپ باققان ئىدىم ئۇشبۇ سوئالنى مەن جاھاندىن :
«يامان كۆپمۇ ۋە ياكى ياخشىلار كۆپمۇ ياماندىن ؟»
جاھان ئېيتتى: «بۇگۈن ئاڭلاپتىمەن مۇنداق سوئالنى،
يامان ھەم ياخشىغا مايىل سېنىڭدەك بىر ناداندىن .
ئەگەر سەن ياخشى بولساڭ ياخشىغا بىر سان قوشۇلغاي،
يامان بولساڭ ئازايماس ياخشىلار ھېچ ئەسلىساندىن .
تۈزەلگەچكە زامان، ئىقبال، تۈزەلمەكتە يامانمۇ،
زاماندىن ئەمدى نۆل ئالما ئۆتەلمەي ئىمتىھاندىن .»

1983 ـ يىل 1 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى



# كىشى قەلبى

كىشى قەلبى پايانسىز كەڭ، كۆرۈنمەس بىر ئىمارەتتۇر،
ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى زاتەن ھاياتلىقتىن بېشارەتتۇر.
كىشى دەپ يازغىنىم ئامما، بايانىم ھەم ئۇنىڭ قەلبى،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە مەناغا پىكىر - لەۋزىم بىھاجەتتۇر.
كىشىنىڭ قەلبىگە زىنھار سىپەلمەس نۇرنى كۈن، ئاي،
ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەل ئەقىل - ئىدراك، پاراسەتتۇر.
كىشى قەلبى نومۇس، ۋىجدان، مۇھەببەت ... بىرلە تولغان جاي،
ئۇنىڭغا كەمبەغەل قەلبىنىڭ بىساتى رەشك، رەزالەتتۇر.
شەرەپ - شان، ئېھتىرام - ھۆرمەت پەۋەستۇر شۇ ئىمارەتتە،
شۇڭا ئۇ جايغا كىرمەكلىك تېپىلماس بەخت - سائادەتتۇر.
كىرىشنى ئىستىگەنلەر ئاز ئەمەس تۈرلۈكچە يول ئىزدەپ،
تالاشقانلار ئۈچۈن بۇ جاي ھالاكەتلىك رىقابەتتۇر.
لەئىن نەمرۇت[1] بىلەن پىرئەۋن [2]خۇدالىقنى قىلىپ دەۋا،
كىرىپ ئالماققا شۇ جايغا يېقىنلاشقان قاباھەتتۇر.
ئەمەستۇر ھەددى ھەر كىمنىڭ كىرىش - كىرمەسلىكى ئۇندا،
ئۇنىڭ شەرتى نە يەڭلىغ ئەجرىدىن تاپقان تاپاۋەتتۇر.
شۇڭا بۇ جاي ئۇلۇغ ئىنسان، مۇنەۋۋەر تۆھپىكارلارغا
ئوچۇق تۇرغانلىقى دائىم ساھىبخانىدىن ئىجازەتتۇر.

مېنىڭ قەلبىمدە خەلقىمنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتلىرى مېھمان،
مېنىڭ ئەل قەلبىدىن جاي ئالمىقىم شېرىن خىيالەتتۇر.

1983 ـ يىل 4 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى



① نەمرۇت ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى پادىشاھ. ئۇ خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان مۇشرىك (خۇداغا شېرىك كەلتۈرگۈچى) .

② پىرئەۋن ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدا ياشىغان مىسىرنىڭ پادىشاھى. ئۇمۇ خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان مۇشرىك .



www.uyghurkitap.com

# ئىككى تارىم

كۆڭلۈمنىڭ كۆز يەتكۈسىز ۋادىسىدا
ئاقىدۇ سىرداش بولۇپ ئىككى تارىم .
بىرى ياش، بىرى قېرى، ھەر ئىككىسى
شاھىدىم، نامايەندەم، ئىپتىخارىم .

ئاقىدۇ ھەر ئىككىسى تەڭتۇشلاردەك،
شادلىنىپ، دولقۇنلىنىپ، گىرەلىشىپ .
پارلىدى تاڭ بىلەن تەڭ ئىستىقبالى،
جۇتلاردا قالدى گاھى خىرەلىشىپ ...

ئاقىدۇ ھەر ئىككىسى شۇ ۋادىدا،
كۆرىمەن كۆزۈم بىلەن، دىلىم بىلەن .
ئاجىز مەن كۆرگىنىمنى ئىزاھلاشقا
مىسرالار قۇراشتۇرغان تىلىم بىلەن .

ئاقىدۇ قېرى تارىم تەمكىن، تېتىك،
يۇرتۇمنىڭ تارىخىنى ھاپاش قىلىپ .
ياش تارىم شۇ تارىخنى يورۇتماقتا ،
دانكودەك يۈرىكىنى قۇياش قىلىپ .

ياش تارىم، يېڭى تارىم، گۈزەل تارىم،
ئەدىبلەر ئېقىنى سەن، دەرياسى سەن .

قەلەمدىن سىياھ ئەمەس، قان ـ تەر تۆكۈپ،
ياراتقان ئىجادىيەت دۇنياسى سەن .

ئەقلىمنى تاپقاندا مەن، يوق ئىدىڭ سەن،
ئەركىمنى تېپىپ سېنى قىلدىم ھەۋەس .
ئازادلىق نېسىپ قىلدى بىزگە سېنى،
قەلىمىم يېڭىۋاشتىن ئالدى نەپەس .

قوينۇڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر بېلىق مەن،
شېئىرىيەت دولقۇنۇڭدا مەنمۇ ئاقتىم .
قانچە يىل قىزىل قەلەم شىتىرلىتىپ،
قەترەمنى قىرلىرىڭغا تۆكۈپ باقتىم .

ئويلىسام شۇ يىللارنى، شادلىنىمەن،
قالدى دەپ قىرلىرىڭدا باسقان ئىزىم .
ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ دولقۇنۇڭنى
ئىز باسقان سان ـ ساناقسىز ئوغۇل ـ قىزىم .

ئىسمىڭنى ئانا دەريا بەخش ئەتكەن،
ئۆمرۈڭمۇ شۇ دەريادەك بولسۇن ئۇزۇن .
ئىجادكار ئەۋلادلىرىڭ بەھرىڭ بىلەن
دۇنيانىڭ سەھنىسىدىن ئالسۇن ئورۇن .

1985 ـ يىل 7 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ئاتمىشنچى كالېندار

بىر چاغلاردا گۆدەك ئىدىم، ياش ئىدىم،
خىيالىمغا يولاتمايتتىم قېرىشنى.
تۇرمۇش ماڭا تۇيۇلاتتى ئويۇندەك،
بىلمەيتتىم مەن زېرىكىشنى، ھېرىشنى.
ئۇ چاغلاردا نەچچە تاغنىڭ نېرىسى ــ
دەپ بىلەتتىم ئاتمىش ياشقا كىرىشنى.

يورغا يىللار ئاققان سۇدىن تېز ئىكەن،
بىلمەپتىمەن كۆرۈنمىگەچ كۆزۈمگە.
ئەمدى بىلدىم، ئاقارغان چاچ ــ ساقىلىم
يارىشىپتۇ يېشىمغا باب يۈزۈمگە.
خىيالىمغا يولاتمىغان قېرىلىق
مانا بۈگۈن ھەمراھ بولدى ئۆزۈمگە.

ئاشتىم مەنمۇ ئاتمىش تاغدىن ــ داۋاندىن،
بىراق قەلبىم سەزمىدى ھېچ ھارغىنلىق.
سەزدۇرمىدى دۇنيادىكى گۈزەللىك،
يۈكسەك ئۈمىد ئالدىدىكى يارقىنلىق.
ھەر كالېندار ئۈمىدلەرنى يېتەكلەپ،
ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلىدى دادىللىق.

ئۆمرۈمدىكى ئاتمىشىنچى كالېندار
ئاز چاغلىدى ئەجرىم بىلەن ئۆمرۈمنى.

www.uyghurkitap.com

دېدى: «مەنمۇ بولاي ساڭا قۇتلۇق يىل،
ئىجادىڭغا مەنمۇ باساي مۆھرۈمنى.»
خىجىل بولۇپ قېرىلىقتىن نالىسام،
ئىشەنچ بىلەن زىننەتلىدى كۆڭلۈمنى.

ئاتمىشىنچى كالېندارىم، ئەپۇ قىل،
قېرىدىم دەپ ئالجىپتىمەن تۇرۇپلا.
كىم تويۇپتۇ مۇشۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ـ
باھارىنى ئاتمىش قېتىم كۆرۈپلا.
ئىشەنچىڭدىن ئابىھايات ئىچكەندەك،
مەن ياشىراي، سەنمۇ كۆڭۈل تولۇقلا.

ئىشەنچ ھامان ئىرادىنىڭ جان دوستى،
ھەر ئىككىسى ئارزۇلارغا يار ـ يۆلەك.
تۆكەلەيدۇ بەخت ئۈچۈن ئەجرىنى
ئىرادىدىن مەدەت ئالغان ھەر يۈرەك.
تەكەللۇپسىز دېدىڭ شۇڭا، كالېندار:
«بەتلىرىمگە ئىجادىڭدىن گۈل كېرەك!»

1985 ـ يىل 25 ـ دېكابىر. ئۈرۈمچى



# ئىسقا قارشى چۇقانلار

(چاتما شېئىر)

## گېزىتنىڭ ئەرزى

بىلسىلەر ۋەزىپەمنى، بۇرچۇمنى،
ئەل ئالدىدا ئۆتەيدىغان قەرزىم بار.
بوزەك ئېتىش غەش قىلغاچقا كۆڭلۈمنى،
بۇ توغرىدا كىچىككىنە ئەرزىم بار:

ئەلەم چەكتىم بەزىلەرنىڭ قولىدىن،
چىداۋېرىش ھەپسىلىمنى پىر قىلدى.
ۋەزىپەمنى تۈگەتمەيلا ھېلىدىن،
بارغان كۈنۈم بۇرجەكلىرىم قىرقىلدى.

قولى ئىتتىك ئاكىلاردىن تىلىكىم:
مېنى يىرتىپ كۆڭۈل ئازار ئەتمىسە.
ئوقۇلمىغان گۆھەر سۆزلەر بىر چېكىم —
تاماكىغا قۇربان بولۇپ كەتمىسە.

1958 - يىل 7 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## بىھۇدە خىراجەت

ئون تىيىن بىھۇدە خەجلەنسە ئۆيگە،
ئون ئىبغىز سۆزلەيسىز كايىپ ۋە رەنجىپ .
بەش ـ ئون سوم خەجلەنسە تاماكا ئۈچۈن،
خاتىرجەم يۈرسىز كۆڭلىڭىز تىنجىپ .

نېمىلەر كېلىدۇ شۇ پۇلغا، ئېرىم؟
خېلىلا ماھىرغۇ سىزمۇ ھېسابقا!
شۇ پۇلنى تۈتۈنگە ئايلاندۇرغىچە،
خەجلىگەن ياخشىغۇ دەپتەر، كىتابقا .

## مېھمىنىمغا

كۆڭۈل ئىزدەپ كەلگەن ئىدىڭىز،
شادلىق بىللە كەلدى خانەمگە .
مېھمان دېگەن ئاتىدىن ئۇلۇغ،
ئىززىتىنى بىلگەن ئادەمگە .

ئالدىڭىزغا قويدۇم ھەممىنى،
تاماكىغا قالدۇرمىدىم جاي .
بۇنى سەزمەي، خانەم ئىچىنى
تولدۇردىڭىز ئىس بىلەن، ئايھاي !

تۇرمۇشىمىز ئوخشىغان بىلەن،
ئادىتىمىز ئوخشىمايدىكەن .
سىز بار يەردىن ساپ ھاۋا بەدەر ـ
قاچىدىكەن، توختىمايدىكەن .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## كىمنىڭ ئورۇنسىز؟

ئايالىڭىز تاماق ئەتكەندە،
كايىپسىز ئۆي بۇسقا تولدى دەپ .
ئاچچىقلايدۇ ئايالىڭىزمۇ
تاماكىدىن ئىسقا تولدى دەپ .

جېدەلنىڭمۇ ئېتى قورۇسۇن،
بىراق سىزنىڭ بەكمۇ ئورۇنسىز .
تاماق يېمەي، تاماكا چېكىپ،
تويۇنغانمۇ مۇندىن بۇرۇن سىز؟

## تاماكا چەكمەڭ!

ئۇچراپ تۇرار «تاماكا چەكمەڭ!» –
دېگەن خىتاب ھەممىلا يەردە .
كىم كۆرۈپتۇ «تاماكا چېكىڭ» –
دېگەن خەتنى قاچان، قەيەردە ؟

چېكىشۈەردى چەكمەڭ دېسىمۇ،
ئۇنچىلىك گەپ ئۆتمەيدىغانلار .
چەككەنلەرنىڭ بىزەڭلىكىدىن
بىزار بولدى چەكمەيدىغانلار .

## مۇشكۇل سوئال

چۈشەندۈردى مۇئەللىم
تەبىئەتتىن ھاۋانى .

هاۋا بىلەن باغلىدى
ئادەم، هايۋان، گىياهنى .

دېدى: «ئەستە تۇتۇڭلار،
ساپ هاۋا — تەنگە داۋا .
هايات ئۈچۈن زىيانلىق
ئىس ـ تۈتۈن، ئەخلەت ـ چاۋا .»

سوئال قويدى شۇ هامان
قول كۆتۈرۈپ بىر بالا :
— زىيانلىقمۇ تاماكا؟ ـ
دېدى قوزغاپ غۇلغۇلا .

تەكرارلاندى بۇ سوئال،
مۇئەللىمگە بولدى تەس .
چىقىپ كەتتى دېيەلمەي
يا زىيانلىق، يا ئەمەس.

## كاناي بىلەن تۈتۈن

كاناي دېدى: — ئەزەلدىن
نەپەس يولى ئىدىم مەن .
مورا بولدۇم تۈتۈنگە،
ئەمدى قانداق قىلدىم مەن؟

تۈتۈن دېدى: — رەنجىمە،
مەن كىرگەنگە ئۆلمەيسەن .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كاجلىق قىلماي يول بەرسەڭ،
دوزاخ ئوتى كۆرمەيسەن.

كاناي دېدى: — سېنىڭدىن
كۆردۈم دوزاخ زۇلمىنى.
مۇنداق زۇلۇم سالغۇچە،
جاندىن جۇدا قىل مېنى.

تۇتۇن دېدى: — قاقشىماي،
بولغىن ياۋاش، مۇلايىم.
مىننەتدارمەن ئىگەڭدىن،
سەندىن نېمە پەرۋايىم.

كاناي دېدى: — ئاھ ـ زارىم
ئۇچۇپ كەتتى ھاۋاغا.
ئىگەم تاپقان بالاغا
نەگە باراي داۋاغا! ...

**تاماكىنىڭ ئىقرارى**

مېنىڭ ئېتىم تاماكا،
زىيانغا مەن پىداكار.
ئىنسانىيەت ئالدىدا
كەچۈرگۈسىز گۇناھكار.

گۇناھىمنىڭ كۆپلۈكى
چەككەنلەرگە بىلىنمەس.

ئادەت قىلىپ ئالغاچقا
پۇل خەجلەشتىن ئېرىنمەس .

پۇلغا ئالسا چىقىم مەن،
چەكسە ئاچچىق تۇتۇن مەن .
زىيانداشلىق بابىدا
قىسمەن ئەمەس، پۈتۈن مەن .

مېنى چەككەن ئادەملەر
زىيىنىمغا چىداشلىق .
چۈنكى مېنىڭ ئالدىمدا
قىلىش كېرەك ياۋاشلىق .

مېنى چەككەن ئادەمنىڭ
ئۆپكىسىدە ئۇينايمەن .
قايتىپ چىقىپ ئۆپكىدىن،
ساپ ھاۋانى بۇلغايمەن .

مەن بۇلغىغان ھاۋادا
دەم ئالمىغان كىشى يوق .
تىرىلەمدۇ، ئۆلەمدۇ،
پىقىرنىڭ ھېچ ئىشى يوق .

بىلىپ تۇرۇپ پەيلىمنى،
ئىچ پۇشۇقى دەيدىكەن .
يوق چېغىمدا بەزىلەر
ئارزۇيۇمنى يەيدىكەن .

چوڭلار چېكىپ يۈرگەچكە،
كىچىكلەرمۇ دورايدۇ .

هايا قلماي چوڭلاردىن،
توغرا چشلەپ شورايدۇ.

— چەكمەڭ، ئوغلۇم، تاماكا! —
دەيدۇ بەزى ئاتىلار.
ئۆزى چېكىپ، ئوغلىنى ـ
چەكمەڭ دېسە مات بولار.

ئەنە شۇنداق ئاتىنىڭ
قىسقا قىلدىم تىلىنى.
بەزى نادان ياشلارنىڭ
ئىسلاۋەردىم گېلىنى.

ۋۇجۇدۇمدا زەھەردىن
باشقا يوقتۇر ھېچنېمە.
كارى چاغلىق زەھەرنىڭ،
راك بولۇشتىن غەم يېمە.

مەندىن كۆڭۈل ئۈزەلمەي،
چەككەنلەردىن خۇشال مەن.
مېنى تاشلىۋەتكەنلەر ـ
ئالدىدا بەك ئوسال مەن.

نەچچە ئەسىر چېكىشتى
تۇتاشتۇرۇپ ئوت ماڭا.
يىنىك ئەمەس گۇناھىم،
بىر كۈنى بار سوت ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئادەتنىڭ دورىسى ئىرادە

«مورىسى يوق مەسچىتنىڭ،
دورىسى يوق ئادەتنىڭ» .
پەتىۋاسى بۇ ماقال
تۈزەلمىگەن ئىللەتنىڭ .

تاماكىنى بەزىلەر
بىرنەچچە كۈن تاشلايدۇ .
بەك تۇتقاندا خۇمارى،
گەجگىسىنى قاشلايدۇ .

«ئۇدا ئون كۈن چەكمىدىم،
بۇ مەن ئۈچۈن غەلىبە .
غەلىبەمنى تەبرىكلەپ،
بىر تال چېكەي ئەمىسە .»

غەلىبە ئۈچۈن چېكىشلەر
بىر تال بىلەن توختىماس .
ئادەت كۈچى زور كېلىپ،
ۋەدىلەر ھېچ يالچىماس .

تەۋرىمەس گاڭ ئىرادە
يامان ئادەتنىڭ دورىسى .
ناتايىنلىق، بوشاڭلىق
ئىرادىنىڭ ئوغرىسى .

## جەك ئېلانى

ئەسلەپ كۆرسەك يىگىرمە يىلنى،
ئۆرتىنىدۇ كۆڭۈل بوستانى .
نى - نى ئۇلۇغ ئوغلانلىرىمىز
نىكوتىنىنىڭ بولدى قۇربانى .

شۇ ئۇلۇغلار قىلدى ۋەسىيەت :
«بۇ كېسەلدىن غەم يېمەيتىمىز .
تاماكىنى زىيانلىق دېسە،
كارايىتى چاغلىق دەيتىمىز .

بېشىمىزغا كەلگەندە بىلدۇق،
تاماكىمۇ ئەزرائىل ئىكەن .
قەدىرلەڭلار شېرىن ھاياتنى،
ئەڭ زور بايلىق ساغلاملىق دېگەن .»

شۇ ئۇلۇغلار يۇمدى كۆزىنى،
ھەسرەت چېكىپ، پۇشايمان قىلىپ ...
تىرىكلەرنى ئاسرايلى، دوستلار،
تاماكىغا جەك ئېلان قىلىپ .

1980 - يىلىدىن 2001 - يىلغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قېرىلىق

قېرىدىم، جىسمىمدا كۈچ، ئاغزىمدا چىشلار قالمىدى،
يىلسىرى بولدۇم بەتەر، بۇلتۇرقى ئىشلار قالمىدى.
ئەندىشەم كۆپ ئاغرىغاچ بىردەم ئۇ يەر، بىردەم بۇ يەر،
غەمنى غەمسىزلىك بىلەن مەلھەم قىلىشلار قالمىدى.
كونىراپ كەتكەن كىيسەللەر كەتتى بەكمۇ قوۋۇلىشىپ،
دورا ـ دەرمەك، دەم ئېلىشقا ئالدىنىشلار قالمىدى.
قىش دېسە توڭغاقلىقىمدىن قورقىمەن بىر ئاي بۇرۇن،
ياسىنىپ ئوينايدىغان بايۋەچچە قىشلار قالمىدى.
ئېھتىياتچانلىق كۆرەڭلەپ كەتتى جۇرئەت ئالدىدا،
پەيتى كەلگەن چاغدىمۇ شىلتىڭ ئېتىشلار قالمىدى.
تەڭ قېرىپتۇ مەن بىلەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھېسلىرىم،
ئالمىخاننىڭ يولىدا قاتراپ مېڭىشلار قالمىدى.
قاچتى مەندىن يالتىيىپ ئامەت دېگەننىڭ ھەممىسى،
قارىغۇ ئامەتمۇ بىر ئۇچراپ قېلىشلار قالمىدى.
ياخشى ئەرمەك تاپمىدىم ئۆتكەننى ئەسلەشتىن بۆلەك.
خاتىرەمدىن كەچمىگەن ھەر يان بېقىشلار قالمىدى.
مەنىسىز ئۆتكەن ئىكەن ياشلىق باھارىم، ئاھ، ئېست!
بەس، پۇشايمان ئالغىلى كومزەك، ئىدىشلار قالمىدى.

1986 ـ يىل 1 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# يۆتەل

يۆتەلدىما، يۆتەلدىم،
تاڭ ئاتقۇچە يۆتەلدىم.
شۇنچە يۆتەل ئاز كېلىپ،
كۈن پاتقۇچە يۆتەلدىم.

دېدىم: يۆتەل هارغاندۇ،
ئەمدى تۆگەپ قالغاندۇ.
بىلمەيدىكەن هېرىشنى،
ئەل ياتقۇچە يۆتەلدىم.

يۆتەلدە مەن ئەلاچى،
قوشنىلىرىم گۇۋاھچى.
يۆتەل بىلەن تام چېكىپ،
مۇڭداشقۇچە يۆتەلدىم.

ئۇيقۇ كەلدى چۆرگىلەپ،
يۆتەل چىقتى ئۆمىلەپ.
ئۇيقۇ بىلەن يۆتىلىم
مۇشتلاشقۇچە يۆتەلدىم.

قويۇپ بەرسەم جىبدەلنى،
ئۇيقۇ يەڭدى يۆتەلنى.

ئاندىن مېنى ئەللەيلەپ
ئۇخلاتقۇچە يۆتەلدىم .

قوپسام كۆزۈم ئۇۋىلاپ،
يۆتەل تۇرار مارىلاپ .
بىسمىللا دەپ چاپانغا
يەڭ سايقۇچە يۆتەلدىم .

چاينى ئىچىپ ئاپقۇردا،
ئۇدۇل ماڭدىم دوختۇرغا .
ئەھۋال ئېيتىپ ياش تۆكۈپ،
بىر ۋاقىتچە يۆتەلدىم .

كونىرىغان كېسەلدىن
ئۇمىد ئازكەن ئەزەلدىن .
دورا ـ دەرمەك مەيدەمنى
يۇمشاتقۇچە يۆتەلدىم .

چاتاق يوق دەپ ساقلىقتا،
ئويناپ ـ كۈلدۈم ياشلىقتا .
ياشانغاندا ئاي ـ يىللاپ،
دەرد تارتقۇچە يۆتەلدىم .

دەردنى سىلىپ قورساققا،
قاتتىم ئۇنى قوشاققا .
ئەڭ ئاخىرقى مىسراغا
گەپ تاپقۇچە يۆتەلدىم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بۇ قوشاق بىر ھەقىقەت،
مەندىن سىزگە نەسىھەت .
ئەۋلادلارغا بۇ گەپنى
ئاڭلاتقۇچە يۆتەلدىم .

1986 ـ يىل 8 ـ يانۋار. ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شېئىرغا ئىلتىجا

سەن شېئىر، مەن ئاپتور، كونا ئۇلپەت بىز،
ئۆزۈمچە جان دوست دەپ ئاتايمەن سېنى .
ۋە لېكىن «تونۇشۇم» دەيدىغاندۇرسەن،
رايىڭ يوق جان دوستۇم دېيىشكە مېنى .

نېمشقا رايىڭ يوق دەپ سوئال قويسام،
دېدىڭكى: «سەن بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا .»
ئۆزۈمدىن سورىدىم... تاپتىم جاۋابنى،
بار گەپنى يوشۇرماي ئېيتاي يۈزتۇرا .

قىرىق يىل ئىشتىياق باغلىدىم ساڭا،
كۆرۈندۈڭ باشتا سەن مايىل بولغاندەك .
بەزىدە يۈز ئاچتى ئىلھام قىزلىرىڭ،
ھېس قىلدىم شۇ چاغدا سېنى قۇچقاندەك .

بەزىدە شۇ قىزلار تۇتقۇزمىدى قول
ۋە ياكى ئۆزىنى ئېلىپ قاچمىدى .
ئايلاندىم مەن ئۇنى پەرۋانە بولۇپ،
تەبەسسۇم بىلدۈردى، قۇچاق ئاچمىدى .

بەزىدە نائىلاج ئىلھام قىزلىرى
مەدھىيە توقۇدى مۇبالىغىدىن .

چرايلىق گەپ بىلەن نامرات دېھقاننى
باي قىلىپ جاي بەردىم نەزمەم بېغىدىن .

مەن ئۇتقان قەلەممۇ پارالىچ بولۇپ،
سولغىلا مەڭدىدى، ماڭالمىدى تۈز .
قۇترىغان مىسرالار تارىخ چاقىغا
ئۇسۇشكە باشلىدى چىقىرىپ مۈڭگۈز .

مەن ئۇتقان قەلەممۇ قىينىدى سېنى،
ياڭرىدى بىمەھەل ھۇررالىرىممۇ .
ھەر دوقال شاۋقۇنى ئۆچكەندىن كېيىن
كۆز يۇمدى شۇ تەنتەك مىسرالىرىممۇ .

سۆزلىسەم گەپ تولا، ھەسرىتىم تولا،
نە ئامال، ئاتقان ئوق كەلمەيدۇ قايتىپ .
خەيرىيەت، شۇ ئاچچىق ساۋاقلار بىلەن
قەلىمىم كۆزىنى ئالدىم ساقايتىپ .

قەلىمىم كۆزلىرى ساقايغان چاغدا
قارىسام، تۇرىسەن بۈيۈك چوققىدا .
يامىشىپ قولۇڭنى تۇتالامدىمەن،
ئېيتقىنا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ؟

شۇنچە يىل كەينىڭدە يۈردۈم، ئەي شېئىر،
ئەقدەم كۆڭلۈڭنى يۇمشىتالارمۇ ؟
ئىللەتلىك مىسرالار تۇتسا ياقامدىن ،
ئىللەتسىز مىسرالار ئاجرىتالارمۇ؟

1986 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئۇرغۇي ئەمەس، ئۇيغۇر

مەيلى دەيتتىم، گەپمۇ قىلمايتتىم
قارچۇغىنى قۇرغۇي دېسىڭىز.
كۈلۈپ كەتتىم غىدىقىم كېلىپ،
ئۇيغۇر تۇرۇپ، ئۇرغۇي دېسىڭىز.

سىزگە شۇنداق ئۆگەتكەنمىدى
ئۇستازىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز؟
ناچارمىدى سىزنىڭ باشتىلا
تىل دەرسىدىن ئىمتىھانىڭىز؟

ناچار بولسا، ئۆزىڭىزدە گەپ،
ئارتماق ئۇنى مىللىتىڭىزگە .
ئۇيغۇر تىلى سۆكۈت قىلالماس
«ئۇرغۇي» دېگەن ئىللىتىڭىزگە .

ئىسمىڭىزنى خاتا ئاتسام،
ئاچچىقىڭىز كېلىدۇ راسا .
خاتا ئاتاپ مىللەت نامىنى،
ئوخشاشقۇ دەپ ئويناتماق ھاسا .

«ئۇيغۇر» دېگەن ئۇلۇغ نام بىلەن
ماختىنىشقا سىزمۇ تەلەپكار.
«ئۇرغۇي» ئەمەس، «ئۇيغۇر» دېيىشكە
بۇ شېئىرىم بولسۇن مەدەتكار .

1986 ـ يىل 21 ـ نويابىر. ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## نەۋرە قوشىقى

نەۋرە كۆرۈپ، نەۋرەمنى كۆرۈپ،
يەتتى ئاغزىم قۇلاقلىرىمغا .
خۇشاللىقىم چىقتى جۇش ئۇرۇپ
كۆزلىرىمگە، چاناقلىرىمغا .

قورچاقچىلىق يۇمران قىز بوۋاق،
ھۆسنى گۈلگۈن، ئىللىق ۋە ئوماق .
تۇغۇلۇپتۇ چىرايداش بولۇپ،
مېنىڭ پەرزەنت ئوماقلىرىمغا .

قارىدى ئۇ ماڭا لاپپىدا،
تونۇشتۇق بىز شۇ چاغ ئىپتىدا .
ئوت تۇتاشتى ئاشۇ قاراشتىن
يۈزلىرىمگە، ياڭاقلىرىمغا .

سالاملاشتۇق شۇنداق قارىشىپ،
ئەھۋاللاشتۇق نۆۋەت تالىشىپ .
يامراپ كەتتى مېھىر ـ مۇھەببەت
ماڭلىيىمدىن ئاياغلىرىمغا .

ـ ئىسمىڭىزنى نىمە دەپ ئاتاي؟
ئېيتىڭ، قىزىم، قوشاققا قاتاي .

– مەرھابا دەپ چاقىرىلىك، – دېدى ،
جاۋاب بېرىپ سوراقلىرىمغا .

ئىچ ـ ئىچىمدىن دېسەم مەرھابا،
بەختىمۇ دېدى: بولدۇم دىلرەبا .
ئۈمىد بىلەن ئىلھام تۆكۈلدى
شېئىرىي ئىجاد بۇلاقلىرىمغا .

نەۋرە دېگەن شادلىق دەيدىكەن،
بالىدىنمۇ تاتلىق دەيدىكەن .
يېڭى لەززەت قوشۇلدى ئەمدى
تۇرمۇشۇمغا، تاماقلىرىمغا .

نازاكەتلىك نەۋرە قىزىمنى،
قۇتلۇق نەسەب، ئۆچمەس ئىزىمنى
يېقىپ قويدۇم گۈل چىراغ قىلىپ،
ئائىلەمگە، ياتاقلىرىمغا .

ئارزۇ قىلىپ بولدۇم نەۋرىلىك،
نەۋرەم بولسۇن نەۋرە ـ ئەۋرىلىك .
يورغا يىللار، ئىمكان بېرىڭلار
كۆڭلۈمدىكى ساناقلىرىمغا .

1986 ـ يىل 5 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇھەببەت

مۇھەببەتنىڭ دەستۇرى يوق
تەكرار ئوقۇپ يادلايدىغان .
ياكى ئۇنىڭ تاشيولى يوق
بىر ئىز بىلەن قاتنايدىغان .

مۇھەببەت بىر سۆيگۈ چۆلى،
ھەر تەرەپكە كەتكەن يولى .
ئىمكانىدىن كۆپ مۇشكۈلى
ئاشىقلارنى تاۋلايدىغان .

ھىجران، ۋىسال، ۋاپا، ئەخلاق
مۇھەببەتكە بەكمۇ ئامراق .
شۇ ئۈلاشقا ئۇ پارلاق چىراغ
ئۆمۈر بويى چاقنايدىغان .

ياشلىق ئۇنىڭ ئەۋزەل چېغى،
كۆڭۈل ئۇنىڭ گۈلزار بېغى .
خىسلىتى بار شۇنداق تېخى
ھەقىقەتنى ياقلايدىغان .

1986 ـ يىل 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# قوشماق كۇپلېتلار

## سۆزلە، ئاپئاق ساقىلىم

باللىق چاغلىرىم، مەھەللىمىزدە
كۆپ ئىدى چار ساقال، ئاق ساقاللىقلار.
قاياققا كەتكەندۇ دېسەم ئۇلارنى،
چاقىرىپ كېتىپتۇ گۆرىستانلىقلار.

ئۇلارنىڭ ئورنى بوش قالدى دەپتىمەن،
كىشىلەر ئارىسى قالمايدىكەن بوش.
ھە، بۈگۈن ئۆزۈمچۇ، ئاپئاق ساقىلىم،
قەيەردە تۇرۇپسەن، سۆزلە، قېنى، خوش ؟!

## ئۇلۇغ ئارزۇ

ئىككى مىڭ كالېندار يىرتىلىپ پۈتسە،
ئەيسانىڭ روھىغا خۇش خەۋەر يەتسە،
ئادەملەر ئادەمگە مېھرىبان بولۇپ،
ئۇرۇشسىز ئەسىرلەر باشلىنىپ كەتسە...

ئېيتىڭلار، بۇ ئارزۇ تۇغۇلغان قاچان ؟
بۇ ئۇلۇغ ئارزۇدىن كىملەر خاپىغان ؟
قانچىلىك كالېندار يىرتارمىز يەنە ؟
كەلمەمدۇ ئانىلار تىلىگەن جاھان ؟

## نەس باسقان كشى

ۋاقتقا يېتەلمەي تىرماشقان كشى —
تۈز يولدا ماڭالماي پۇتلاشقان كشى .
ۋاقتنىڭ كەينىدىن ئۆمىلەۋەرسەڭ،
ئاقىۋەت بولىسەن نەس باسقان كشى .

نەس باسسا سىنىڭدىن ئامەتمۇ بىزار،
تەر تۆكمەي گۈل ئۈزسەڭ يىغلايدۇ گۈلزار .
گۈلزارنى يىغلىتىپ گۈلنى ئۈزگىچە،
بىر ئۆزۈڭ يىغلاپ ئۆت، قىلمىغىن ئازار .

## ئۈيالماپتىمەن

مەنمۇ بۇ دۇنيادا كارۋاننىڭ بىرى،
بىر كېلىپ - كەتكۈچى مېھماننىڭ بىرى .
«بولالىساڭ مەن رازى، — دېدى ۋەتىنىم، —
كۆڭلۈمدىن جاي ئالغان ئىنساننىڭ بىرى .»

ئويلىسام، بۇرچۇمنى بىلەلمەپتىمەن،
ئەل كۈتكەن بىر ئىنسان بولالماپتىمەن .
تۆھپەمدىن ئۇن ھەسسە كۆپ ئىكەن يېشىم،
شۇ دەملىك بولغۇچە ئۈيالماپتىمەن .

## بوزەك ۋە روزەك

بوزەكلەر بىر نۆۋەت بولمىسا بوزەك،
يولسىزلىق قىلىدىك دەپ تىللايدۇ روزەك .

ئۆگىنىپ قالغاچقا بوزەك ئېتىپ ئۇ،
دەيدىكەن: مەن چىغرىق، سەن ماڭا غوزەك.

بوزەكمۇ بىر ئىنسان، روزەكمۇ ئىنسان،
ھەركىمدە مەۋجۇتقۇ خىسلەت ۋە نۇقسان!
ئاقىل مەن دەيدۇ-يۇ، بىلمەيدۇ شۇنى،
ئىنساپنى ۋىجدانغا قىلمىغاچ مىزان.

1986 ـ يىل نويابىر - دېكابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياشلىقنىڭ قەدرى

ياشلىقنىڭ قەدرىنى ياشلار بىلەرمىش،
شوخلاشقا زېرىكمەي ئويناپ كۈلەرمىش .
ياشانغان چېغىدا ھوسۇلسىز قىلىپ،
ھەممەتلىك قېرىدىن كەپسەن تىلەرمىش .

ياشلىقنىڭ قەدرىنى ياشلىقتا بىلسە،
ئۆگەنسە، ئىشلىسە، ئوينسا، كۈلسە ؛
ياشانغان چېغىدا ياشايدۇ مەغرۇر،
ئەجرىدىن شان ـ شەرەپ، ھۆرمەت تۆكۈلسە .

ياشلىقنى قەدرلەش ئەقلگە باغلىق،
ئۇنىڭسىز قەدرىنى بىلىشمۇ چاغلىق .
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەچكە مەن،
كارۋاننىڭ كەينىدە قالدىم ئۇلاغلىق .

1988 ـ يىل 18 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# زورلىماڭ ، ئانا

زورلىماڭ، ئامراق ئانا، شەپقەت تىلەشكە يول قويۇڭ،
ياتقا بەرگەن ۋەدىڭىزدىن ئەنسىرەشكە يول قويۇڭ .
چاچلىرىمنى ئۆردىڭىز چاچباغ چىگىپ ئىخلاس بىلەن،
شۇ چىچىمنى ئەمدى مەن يۇلماي تۇزەشكە يول قويۇڭ .
سالدىڭىز غەم ـ قايغۇغا مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلىپ،
قايغۇدىن ئازاد قىلىڭچۇ، ئەركىلەشكە يول قويۇڭ .
«بىلمىدىڭ ئەجرىمنى» دەيسىز، بىلمىگەن بولسام ئۆلەي،
ئەجرىڭىزنى رازىلىق بىرلە تۆلەشكە يول قويۇڭ .
سۆيگىنىم تۇرسا مېنىڭ، زورلاپ تاڭامسىز باشقىغا؟
ئۆز ئىرادەمدە تۇرۇپ چىڭ، پۇت تىرەشكە يول قويۇڭ .
خارلىماڭ مۇھەببىتىمنى، جان ئانا، باغرىم ئانا،
بىر ئۆزۈم بەختىمنى دادىل بەلگىلەشكە يول قويۇڭ .
يەتكۈزەي ئارزۇيىڭىزغا نەۋرە، ئەۋرە كۆرستىپ،
قەلبىڭىزگە شادلىقىمنى كەشتىلەشكە يول قويۇڭ .

1989 ـ يىل 26 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مومايىنىڭ جاۋابى

توي قىلمىغان يىگىت ۋاقتىمدا،
گۈزەل قىزلار ئاز ئىدى، بەك ئاز.
قىرىنغاندا ئەھۋال باشقىچە،
بۈگۈن قىزلار شۇنچە گۈزەل، ساز.

— سۆزلە، موماي، ساڭمۇ شۇنداق
كۆرۈنەمدۇ بەرنا يىگىتلەر؟
— ۋاي بوۋىيىم، ئىككىمىزدىكى
ئوخشاش ئىكەن خىيال، ئۈمىدلەر.

1990 ـ يىل 15 ـ ماي، ئۈرۈمچى



# بىر گۈزەلگە

ھەيرانۇ ھەس بولدۇم بىر كۆرۈپ،
گۈزەللەردىن گۈزەل ئىكەنسەن .
لەۋلىرىڭدىن تاڭلىيىڭغىچە
تەڭدىشى يوق ھەسەل ئىكەنسەن .

ئەركىلەش ھەم كۈلۈشلىرىڭدىن
ھۇزۇرلاندىم كۆڭلۈم ئېچىلىپ .
تاپالمىدىم ئېيتار سۆزۈمنى،
پىكرىم قاچتى قۇمدەك چېچىلىپ .

نازىك بىلەن ئۆگەتتىڭ ماڭا
مۇھەببەتنىڭ ئېلىپبەسىنى .
ئەمدى يەنە ئۆگەتسەڭ ئىدىڭ،
يۈرىكىڭدىن ۋاپا دەرسىنى .

ئىمتىھاندا ۋاپا سۆزىنى
مۇھەببەتكە قىلمايمەن بېزەك .
چۈشىنىمەن ئەزەلدىن شۇنى:
ۋاپا بىلەن جاپا قوشكېزەك .

پەرىشتەم سەن، قىبلىگاھىم سەن،
سەجدە قىلاي باش قويۇپ ساڭا .

www.uyghurkitap.com

مەيلى دەيمەن باشقا گۈزەللەر
ھەسەت قىلسۇن تاش ئاتسۇن ماڭا .

ئەدەپ ساقلاپ ھۆر ـ پەرىلەرمۇ ،
ھۇزۇرۇڭدا بولغاي كەمتەرىن .
سېنى شۇنچە گۈزەل ياراتقان
تەبىئەتكە يۈز مىڭ ئاپىرىن!

1990 ـ يىل 16 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



## شېرىن خىياللار

قەرەلسىز، زوۋانسىز شېرىن خىياللار
كېتىشتى بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ.
دەم ئالاي دېگەندە كېلىدۇ ئۇلار،
رەڭگارەڭ ياسىنىپ، دەم ـ دەم ئالمىشىپ.

ۋىسال ئىشىكىنى ئاچقاندەك ماڭا،
سېغىنغان نىگارنى كېلىدۇ باشلاپ.
بىر دەمدە ھەممىسى بولىدۇ غايىب،
كېتىدۇ ھىجراننىڭ قوينىغا تاشلاپ.

كۆڭلۈم سۇ ئىچمەدى شېرىن خىيالدىن،
قەدىناس دوست بولاي رېئاللىق بىلەن.
كىم ئۆتكەن مۇھەببەت ئىمتىھانىدىن،
خىيالغا ئەگىشىپ ساراڭلىق بىلەن؟!

1990 ـ يىل 31 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياق ـ ياق

(خېۋىر تۆمۈرنىڭ شۇ رادىيلىق شېئىرىغا تەقلىد)

شەيدائى بولدۇم بىر كۆرۈپ سىزنى،
بىلەمسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق ـ ياق.
مەندەك جان پىدا پەرۋانىڭىزنى
سۆيەمسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق ـ ياق.

چۈشكەندە كۆڭلۈم سىز بىرەھمگە،
بىر ئوت تۇتاشتى ھەممە يېرىمگە.
ۋىسال سۈيىنى كۆيگەن تېنىمگە
سېپەمسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق ـ ياق.

بىخەۋەرمۇ سىز مېھرۇ شەپقەتتىن؟
نېسۋە يوقمۇ ماڭا ھىممەتتىن؟
قۇتۇلدۇرۇشقا مېنى ھەسرەتتىن
كېلەمسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق ـ ياق.

تاھىردەك مېنى ئاققۇزسا دەريا،
دەريادا ماڭا بولمىسا ھەمراھ،

ساھىلغا كېلىپ، سىز ماڭا زوھرا —
بولامسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق – ياق .

بىلمەيدىكەنسىز «ياق»تىن باشقىنى،
ئېيتمىسام بولماس گەپنىڭ راستىنى:
مەھكەم يېپىشقان مەندەك تاشمىنى
باغلامسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق – ياق .

باغلاڭ سىز مېنى پاقلانچە قىلىپ،
چاچلىرىڭىزنى ئارغامچا قىلىپ .
غەزىپىڭىزنى سىم قامچا قىلىپ
قوغلامسىز دېسەم،
دېدىڭىز: ياق – ياق .

1990 – يىل 14 – سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قېيداپ كەتمە

(قىزنىڭ ناماقۇللۇقى)

بىر ئېغىز چاقچاقتا قېيداپ كەتمە،
ئەقىدەڭ بوشمۇ ـ چىڭ، سىنىغانلىقىم.

كەچۈرگىن، بەزىدە رەنجىتكىنىممۇ
خۇشلۇقتىن تېرەمگە سىغمىغانلىقىم.

گۈل بىلەن تىكەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ
بىر سۆيۈپ، بىر ئۇرۇپ قىينىغانلىقىم.

ئىشقىمنىڭ ئىسپاتى: تالاي يىگىتتىن
سىنچىدەك سېنىلا خىللىغانلىقىم.

چۈشەنگىن، ئەركىلەپ تىللىغانلىقىم ـ
پاتى ـ پات كەلسۇن دەپ چىللىغانلىقىم.

1990 ـ يىل 15 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# ئۇستاز ۋە شاگىرت

بىر قىز كەلدى شاگىرت بولاي دەپ،
قوبۇل قىلدىم خۇشاللىق بىلەن.
-- شېئىر چۈشەپ قالدىڭىزمۇ؟ -- دەپ،
سوراپ باقتىم قوپاللىق بىلەن.

دېدى قىزچاق: -- ئاپىرىن، ئۇستاز!
تاپتىڭىز دەل قاراپ كۆزۈمگە.
بولغاچقا مەن شېئىر ئاشىقى،
گاھى كىرەر شېئىر چۈشۈمگە.

تۈنلەر بويى شېئىر يازىمەن،
ھەۋەسكار مەن ئۇيقۇدىن بىدار.
كۆپرەك يېزىپ، ئازراق ئوقۇيمەن،
چۈنكى ئۆزۈم يېزىشقا خۇشتار.

يازغانلىرىم خېلىلا تۈزۈك،
كۆڭلۈمگە بەك ياقىدۇ دەسلەپ.
ياراتمايدۇ بىراق دوستلىرىم،
ئوقۇپ بەرسەم ئاڭلايدۇ ئەسنەپ.

خاملىقىمنى، ئاجىزلىقىمنى
چۈشەندۈردى ئەسنەشنىڭ ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

توغرا ئىكەن: «ئون شېئىر ئوقۇپ،
بىرنى ياز» دېگەن دانالار سۆزى.

ئۇستاز تۇتماي يورغىلاپتىمەن
بىلگىنىمچە تۇرلۇك مۇقامغا.
ئۆگەنمىسەم قانداق يۇز كېلەي
دوستلىرىمغا، ئاتا ـ ئانامغا!...

ھەۋەسكار قىز چۆمدى سۇكۇتكە،
سۆزلەپ بولۇپ ھېسسىياتىنى.
كۇتتۇپ تۇردى ئىھترام بىلەن
ئۇستازىنىڭ ئىلتىپاتىنى.

سوراپ كۆردۈم: — ئىسمىڭىز نىمە؟
جاۋاب بىرىپ دېدى: — رۇقىيە.
— شېئىر خۇمار بىر قىز ئىكەنسىز،
ئاسان سىڭگەي سىزگە تەربىيە.

ئىشنى باشلاڭ كىتاب ئوقۇشتىن،
ھەممە پەنگە باغلاڭ ئىشتىياق.
خەلق قوشىقى — شېئىر ئانىسى،
يېتەكلەيدۇ قەلەمنى قوشاق.

شائىر — بىلىق، تۇرمۇش — زور دېڭىز،
ئۆگىنىڭ سىز شۇڭغۇپ ئۇزۇۋشنى.
يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىشقا
تەققاس قىلىڭ شېئىر يېزىشنى.

شۇندىن كىيىن سىلجىدى ئايلار،
يىقىنلاشتى قىزمۇ تەلەپكە.

تالاي مسرا تۇغۇلدى، ئۆلدى،
بىر قانچىسى تىزىلدى سەپكە.

شېئىر ئىشقى چۇلغىدى قىزنى،
دولقۇنلىدى قەلبىدە ئارزۇ.
ھادىسىلەر ئىلھام ئويغىتىپ،
گەۋدىلەندى بىر يېڭى ماۋزۇ.

ھېس - تۇيغۇلار قىلغاندا پەرۋاز،
سەبىي پىكىر يەتتى ۋايىغا.
بىر ۋەزنىدە پۈتتى مىسرالار،
قاپىيىمۇ چۈشتى جايىغا.

كۈنلەر ئۆتتى،
زارىقىپ كۈتۈش
جىلۋىلەندى قىزنىڭ كۆزىدە.
نېمە ئارمان ئۈمىد چولپىنى
بالقىپ چىقسا گېزىت يۈزىدە...

* *
كىرىپ كەلدى ئۆيگە شاگىرتىم،
كۈندەك كۈلۈپ ۋە ئايدەك تولۇپ.
كۆرسىتىپ بىر يېڭى گېزىتنى،
سۆيدى مېنى مىننەتدار بولۇپ.

شاگىرتىمنىڭ ئىسمى تۇنجى رەت
ئورۇن ئاپتۇ گېزىت يۈزىدىن.
پەخىرلەندىم يەنە بىر يۇلتۇز
كۆرۈندى دەپ ئۇيغۇر قىزىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

-- تەبرىكلەيمەن سىزنى، رۇقىيە !
گۈلگە تولسۇن ئىجاد بېغىڭىز .
شېئىرىيەتنىڭ قايىناملىرىدا
كامال تاپسۇن قىران چېغىڭىز .

1991 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى



# مۇھەببەتكە شېئىرمۇ ئامراق

ئىقرار قىلاي، مۇشۇ بىر گەپنى
ئاڭلاپ كەلدىم يېقىندىن بېرى .
بىر ئوقۇپلا دەپتۇ بەزىلەر :
«ھېسسىياتتا ئاداشقان قېرى .»

كۆڭلۈم رەنجىپ ئۇنداق ئويلىسام،
تەگدى بۇ گەپ يېغىرلىرىمغا .
تەمكىن بولۇپ بۇنداق ئويلىسام،
تېگىدىكەن شېئىرلىرىمغا .

قېرىلىققا خۇشتار ئەمەس مەن،
سېغىنىمەن ياشلىق چېغىمنى .
تۇتقۇزمىدىم قەلەمگە ھاسا،
سارغايتمىدىم ئىلھام بېغىمنى .

خالىغانچە ئاقىرىۋەرسۇن
قارا چېچىم، ساقال - بۇرۇتۇم .
ياشىرىمەن ياشلىق مەيدىن
قەلەم بىلەن ئىچسەم بىر يۇتۇم .

مۇھەببەتكە شېئىرمۇ ئامراق،
شۇسى ماڭا قالدى بەك يېقىپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

گەپ قىلغىلار يۈزۈمگە ئەمەس،
قىرىمىغان كۆڭلۈمگە بېقىپ .

1991 ـ يىل 22 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



# ۋەكىل چاپان

(ساتىرا)

«تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق» بىلەن
ئىدارىگە كېلىدۇ پاتەم .
ئەجەب ئىشچان كادىر ئىكەن دەپ،
زوقلىنىدۇ كۆرگەنلا ئادەم .

يېرىم سائەت بۆلۈم ئارىلاپ،
باشلىقلارغا بېرىدۇ سالام .
ئۇنى - بۇنى كۆزدىن كەچۈرۈپ،
«كۈنلۈك ئىش»نى قىلىدۇ تامام .

شۇندىن كېيىن بولىدۇ غايىب،
ئىشخانىدا قالار چاپىنى .
مۇلازىملار ئىش بىلەن كىرىپ،
سورايدىكەن: بۇ خېنىم قېنى ؟

ھاجىتى يوق جاۋاب بېرىشنىڭ،
كونا رولنى ئويناپتۇ يەنە .
ئىدارىدە باردەك كۆرسىتىپ،
ۋەكىل چاپان تۇرۇپتۇ ئەنە !

www.uyghurkitap.com

سىزمۇ يېزىڭ ۋەكىل چاپانىنى،
چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەۋېرىڭ .
ئىشقا شۇنداق كىلىپ ـ كەتكۈچى
ئەرلەرنىمۇ «پاتەم» دەۋېرىڭ .

1991 ـ يىل 28 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



# تەلىيم

## 1

بىر بىتەلەي قىز خۇدا دەپ تەرگىلى چىقسا تېزەك،
كاللار سۇغا تېزەكلەپ، تولدۇرالماپتۇ ئېتەك .
بىر بىتەلەي سايغا بارسا قاپ ئېلىپ تاش تەرگىلى،
ساي ئىچىدە تۇرغۇدەك تاش ئورنىدا قاقشال سۆڭەك .
تەلىيى بولسا كىشىنىڭ توختىغاي غەلۋىردە سۇ،
بولمىسا تەلەي ئەگەر، تولمايدۇ دەريادا چېلەك .
باقمىدى ئوڭ كۆز بىلەن شۇ كەمدە «تەلەيخان» ماڭا،
نا ئۈمىد بولماي يەنە يۈردۈم بولۇپ مەن پايپېتەك .
تىلىسەم دائىم خۇدادىن بىر ياۋاش، ئىشچان ئايال،
تىلىكىمنىڭ ئەكسى كەلدى، ئۇمۇ چاغلىقكەن دېمەك .
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇچرىدىم بىر كاسكىغا،
سۆزىنىڭ «ئىملا» سىنى ئوڭشاپ، تۈزەپ بولدۇم ھەلەك .
گېپى گەپكە ئوخشىماس يا ئاغزى گەپتىن بوشىماس،
تەڭ كېلەلمەيدۇ ئۇنىڭغا ئاپتومات ھەم زەمبىرەك .
تۇرىدۇ ئادەم چىراي ئوڭ يان بىلەن تۇرغان كۈنى،
يوق ئىشىم شۇ كۈن خۇداغا رەھمەت ئېيتماقتىن بۆلەك .
بەزىبىر كۈن تۇرىدۇ سول يان بىلەن دەججال سۈپەت،
كۆرۈنەر بۇ كۈن ماڭا ئالەمنى باسقاندەك تۈتەك .
ئالدۇ بۇنداق كۈنى دەججال توقۇمنى قارنىغا،
تىل ـ ھاقارەت دەستىدىن تاقەت قىلالمايدۇ يۈرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نورمىسىز ئۇخلايدۇ ئۇ، كۈندۈز ـ كېچە ئوخشاش ئاڭا.
نانۇ ئاشتىن باشقا ئىشقا دەيدۇ: «پەرۋايىم پەلەك» .
چىنلەر بىر ـ ئىككى كۈن ئۇخلار قازاننىڭ ئىچىدە،
بىللە ئۇخلايدۇ چۆمۈچ، چويلا، قوشۇق سالماي تۆشەك .
گەزنە ئۈستەل ئۈستىدە، ئىشكاپتا قوغۇن پارچىسى،
يىغنە لازىم بولسا يوتقان ـ كۆرپىدىن ئىزدەش كېرەك .
سۆزلىسەم دەردىم تولا، رەنجىم تولا، ئەرزىم تولا،
تۇرمۇشۇمدا تەلىيىم ھەسرەتكە بولدى قوشكېزەك .

1978 ـ يىل، يانۋار

2

«تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن ھالۋا ئەتسەم تۇز بولۇر،
ياز كۈنى ھامامغا چۈشسەم، پالتا ئۆتمەس مۇز بولۇر.»[①]
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن بىپاراغەت تۇرمۇشۇم،
قايسى تازنىڭ بېشىنى ئەگىپ يۈرەر تەلەي قۇشۇم ؟
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن تەرلىسەم ئاپتاپ چىقار،
كىر يۇيۇپ يايسام قورۇغا، شارقىراپ يامغۇر ياغار .
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئوڭغا تارتمايدۇ ئىشىم،
غورا يېسەم ئاغرىماس، ئەنجۈرگە ئاغرىيدۇ چىشىم .
تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن كېسىلىم بەش ـ ئالتىدۇر،
بۇ كېسەللەر بىر ئۆمۈر يەلكەمنى باسقان خالتىدۇر .
تەلىيىمنى يوق دېمەيمەن، قويىنىنى تارراق ئاچار،
كۈتمىگەندە كېلىدۇ، كۈتكەندە ئۇ مەندىن قاچار .

1991 ـ يىل 16 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

① بۇ ئىككى مىسرانىڭ ئاپتورى نامەلۇم.

## بەك كىچىككەن مەرسىيە [①]

جېنىم ئانا، ئەسلىدىم بۈگۈن
خىيالىمنى خىيالغا ئۇلاپ .
كەلدىم سېنى تاۋاپ قىلغىلى،
ئىزدەپ ماڭدىم قەبرە ئارىلاپ .

قەبرىلەرنى بىر ـ بىر تىڭشىدىم،
تاپالمىدىم ياتقان يېرىڭنى .
ئوغرىلاپتۇ يىللار شاملى
قەبرە ئۈستى تۇپراقلىرىڭنى .

ئاتمىش بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
تۈزلىنىپتۇ تالاي قەبرىلەر .
نېمە دەرمەن، نەدىن تاپارمەن،
مومام قېنى دېسە نەۋرىلەر ...

كۆز يۇمۇپسەن ياپياش تۇرۇپلا،
بەش يېشىمدا قالدۇرۇپ مېنى .
سۈرىتىڭمۇ يوق، خاتىرەڭمۇ يوق،
شۇنداقتىمۇ ئەسلەيمەن سېنى .

يۈز مىڭ ئەپسۇس، گۆدەك خاتىرەم
چىرايىڭدىن قالدۇرماپتۇ ئىز.

ئوبرازىڭنى تەرىپلىرىڭدىن
بىلىۋالدۇق سىڭلىم ئىككىمىز.

مەن ئىكەنمەن تۇنجى پەرزەنتىڭ،
يۈرەك پارەڭ، كۆز قارىچۇقۇڭ.
ياشلىقىمنىڭ چېچەك ئاچمىغان —
پەسىللىرى — سېنىڭ يوقلۇقۇڭ.

سەن كۆز يۇمۇپ، كىرپىكلىرىڭگە
قات - قات توپا قونغان بىر كۈنى،
ئۆيگە كىردى ئىككىنچى ئانام،
باقتى ئېلىپ قوينىغا مېنى.

ئاتام مېنى شۇ ئانام بىلەن
سەپكە قېتىپ ئۆتتى ئالەمدىن.
مەن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى
ئۆچۈرمىدىم كۆڭۈل خانەمدىن.

كەلدىم، ئانا، قەبرەڭنى ئىزدەپ،
تاپالمىدىم ياتقان يېرىڭنى.
تاپسام ئەگەر ئاڭلاپ كېتەتتىم
قايغۇ - ھەسرەت، ئارمانلىرىڭنى.

كەلدىم، ئانا، قەبرەڭنى ئىزدەپ،
تاپالمىدىم، مۇڭدىشالمىدىم.
قەبرەڭنىمۇ مەندىن يوشۇرغان
تەقدىر بىلەن قاملىشالمىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدىم، ئانا، قەبرەڭنى ئىزدەپ،
تاپسام سېنى باغاش ئېتەتتىم.
بەك كىچىككەن بۇ مەرسىيەمنى
يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ بېرەتتىم.

1992 ـ يىل ئاۋغۇست، سۈيدۈڭ - ئۈرۈمچى



① بۇ يىل سۈيدۈڭگە بارغىنىمدا ئانام ياتقان مازارنى تاۋاپ قىلدىم، لېكىن قەبرىسىنى تاپال-
مىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ساپال تەشتەك

كېتىپ قالدىڭ ساپال تەشتەككە
ئەترگۈلنى كۆچۈرۈپ قويۇپ .
پەرۋىش قىلدىم يۈرەك قېنىمغا
يىلتىزىنى چۆكۈرۈپ قويۇپ .

كېتىپ قالدىڭ ۋىسال ئوتىنى
ھىجرىڭ بىلەن ئۆچۈرۈپ قويۇپ .
ئۆچۈرمىدىم ئۈمىد شامىنى
باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ .

ئالدىماقتا شۇ ئۈمىد مېنى،
ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ قويۇپ .
راستىڭنى ئېيت، كەتتىڭمۇ ياكى
تەلىيمگە تۈكۈرۈپ قويۇپ ؟

ساپال تەشتەك - مېنىڭ يۈرىكىم،
ئازار بەرمە سۇندۇرۇپ قويۇپ .
ۋاپاسىزلىق قىلساڭمۇ مەيلى،
كۆزلىرىمنى يۇمدۇرۇپ قويۇپ .

1993 - يىل 29 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# يېڭى يىل كېچىسى

تىنىم تاپماس سائەت تىللىرى
قوچاقلاشتى نۆلىنىڭ ئۈستىدە.
جىلۋىلەندى يېڭى يىل پەيزى
قەدەھتىكى كۆلىنىڭ ئۈستىدە.

دوستۇم ئۆيىدە تەنھا ئولتۇرۇپ،
ئېڭىشتۇردى يېرىم شىشىنى.
بىراق غۇربەت كۆرۈنمەي كېلىپ،
ئەسىر قىلدى تەنھا كىشىنى.

بەش يىل بۇرۇن ھوقۇقدار ئىدى،
ئەيمىنەتتى غۇربەت ئۇنىڭدىن.
مانا ئەمدى ئەيمىنىش ئەمەس،
كەلگەننى قىل، دېدى، قولۇڭدىن.

قەدرى ئۇنىڭ ئەسلەشكە يەتمەس،
ئۇچراپ قالسا، سالام كۇپايە.
ئۇندىن ئارتۇق ھۆرمەت، تەكەللۇپ،
خۇشامەتلەر ئۇنىڭغا زايە.

كونىرايدۇ تۆھپە دېگەنمۇ،
شۇڭلاشقا ئۇ نەزەردىن ساقىت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

ئەھۋال سوراپ قويايلى دېسەك،
نەپ تېگەمدۇ، دەيدىغان ۋاقت .

دوستۇم بۇنى سەزگەندىن بۇيان
نەپرىتىگە سالمىدى يۈگەن .
مۇشۇ ئىكەن، — دېدى كۆڭلىدە، —
ئۆلمەي تۇرۇپ ئۇنتۇلغان دېگەن !

دوستۇم ئۆيدە تەنھا ئولتۇرۇپ،
ئەتراپىغا قويدى بىر قاراپ .
شەپە بولدى ئىشىك تۈۋىدە
يالغۇز ئەرۋاھ تۇرغاندەك ماراپ ...

دوستۇم ئۆيدە تەنھا ئولتۇرۇپ،
پىچىرلاشتى قەدەھ ئىككىسى.
قېرىلارغا كۆڭۈلسىز ئىكەن
يېڭى يىلنىڭ تۈنجى كېچىسى.

* *

رەنجىمەيلى، دوستۇم، ئۆلاردىن،
ئۆتنە ئالەم ھەممىمىز ئۈچۈن .
لايىق تاپسا تارىخ ئەسلىسۇن،
كۆتۈرەيلى بەختىمىز ئۈچۈن !

1994 ـ يىل 1 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# قۇلۇپ

مېنىڭ مۇرەككەپ قۇلۇپ،
يۈردۈم ئۈزۈك مەھلىيا بولۇپ .
ئاچاي دېسەم تەرسا قۇلۇپنى،
كۆزەينىكىم قاپتۇ ئۇنتۇلۇپ .

بۇ قۇلۇپنى ئاچتىم ئاقىۋەت،
تاشلىۋەتتىم زەنجىردىن يۇلۇپ .
ئۇچۇق - يورۇق بولسىڭىز باشتا،
ئۆينىمامتۇق شادلىققا تولۇپ .

1994 - يىل 11 - يانۋار، ئۈرۈمچى




ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

# بوۋاينىڭ ئارمىنى

تۈن يېرىمدا كەلدى ئەزرائىل زاۋاللىق سالغىلى،
— رەنجىمە، دوستۇم، — دېدى، — كەلدىم جېنىڭنى ئالغىلى.
كونا دوستلۇق ھۆرمىتى چۈن ساڭا بىر ئىمكان بېرەي،
جان ئېلىپ سەندىن بۈگۈن، يىل ئۆتكۈزۈپ مەن جان بېرەي.
سەن تۇغۇلساڭ قايتىدىن، قانداق ياشايسەن، ئەي بوۋاي؟
نېمە ھەسرەت، ئارمىنىڭ بار، سۆزلىگىن، ئاڭلاپ قالاي.
— مەن تۇغۇلسام قايتىدىن، تەزىم قىلىپ ئاۋۋال ساڭا،
باش ئېگەتتىم تەڭرىگە كۆرسەتتى، دەپ شەپقەت ماڭا.
ئۆگىنەتتىم ساختىلىق، يالغانچىلىقنى زوق بىلەن،
توغرا گەپ، سەممىيەتتىن ئۆچ ئالاتتىم ئوق بىلەن.
شۇندا ئەزرائىل دېدى: — كەسپىمنى مەن ئىجرا قىلاي،
ئارمىنىڭ دەھشەت ئىكەن، قايتا تۇغۇلمايسەن، بوۋاي!

1994 ـ يىل 19 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



## نازاكەت

توققۇز ئايلىق مەنزىلنى بېسىپ،
مېھمان كەلدى خانەمگە يەنە .
شادلىقمنى قۇرلارغا تىزاي،
ئىلھام قۇشۇم، سەنمۇ كەلگىنە !

مېھمان ماڭا تىكىپ كۆزىنى،
قۇت ئىلكىدە سەزدى ئۆزىنى .
جىلۋىلەندى قاراشلىرىدىن
نەسلىمگە خاس ئۇدۇم ـ ئەنئەنە .

گۈزەللىكى ئوخشايدۇ گۈلگە،
ياۋاشلىقى پەدەردىن ئۈلگە .
كۈلۈشلىرى ئىللىق تەبەسسۇم،
يىغلاشلىرى زىل جانان چىنە .

ئىلىپ كەپتۇ بەرنا جىسمىنى،
ئۇنتۇپ قاپتۇ نامۇ ئىسمىنى .
-- تاللاڭ، -- دېدىم، -- سىزگە قايسى خوپ :
ئايگۈل، ھەجەر، زۆھرە، گۈلگىنە ...

خوپ كۆرمىدى چايقاپ بېشىنى،
تۈرۈپ قويدى ئەگىم قېشىنى .

شەرەت بىلەن ئىغىز ئۆمەللەپ،
دېدى: -- يەنە ئىزدەپ كۆرگىنە !

تاللاپ ئاخىر قويدۇق نازاكەت،
كۆڭلىمىزمۇ تاپتى قانائەت .
مۇبارەكلەپ نەۋرەم ئىسمىنى،
چاچقۇ چاچتىم كەمپۈت، پېچىنە .

ئەۋلادلىرىم زامانغا لايىق—
مۇراد تاپسۇن ئارمانغا لايىق .
نازاكەتلىك يېڭى نەۋرەممۇ
ئۆز بەختىنى قىلسۇن تەنتەنە .

1995 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چوغلۇق ۋە چاققاق

(يېتۈك شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «چوغلۇق يېنىدا چاققاق بار ئىكەن» دېگەن شېئىرىغا تەقلىد)

ئات ئۈستىدە يايلاق ئارىلاپ،
كۆردى چوپان چوغلۇق گۈلنى .
زوقى كېلىپ گۈلنىڭ ھۆسنىگە،
ئۈزمەك بولۇپ سوزدى قولنى .

يالتايدى ئۇ گۈلنى ئۈزۈشتىن،
توختاپ قالدى قولى توساتتىن .
كۆڭلى تۇيۇپ بىر زىياندىشنى،
تەمكىن ھالدا چۈشتى ئۇ ئاتتىن .

چوپان يىگىت چوغلۇق يېنىغا
يېقىن بېرىپ چۆكتى خىيالغا .
چاققاق تۇرار گۈلگە ياندىشىپ،
ئۇسسۇل ئوينار مەيىن شامالغا .

كۆرۈندى بۇ زەھەرلىك گىياھ
چوغلۇق ئۈچۈن خۇشامەتچىدەك .
ياكى گۈلنىڭ خېرىدارىغا
ھەسەت قىلغان رىقابەتچىدەك .

ئاجايىپ ئىش بۇ نەپىس گۈلنىڭ
چاققاق بىلەن بىللە ئۆسكىنى .
ياراتقانمۇ تەقدىر جۈپ قىلىپ
ياخشى بىلەن زۇغۇي ئەسكىنى ؟

چوغلۇق ئەمەس چاققاقنىڭ خىلى،
كەپتەر ئەمەس سارنىڭ ئۈلپىتى .
دەسسىۋەتتى چاققاقنى چوپان ،
ئۈستۈن كېلىپ گۈل مۇھەببىتى .

1996 ـ يىل 22 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىللار ۋە كۈنلەر

كۆرۈنمەس ۋاقىتنىڭ كوماندىسىغا
بويسۇنۇپ ئۆتىدۇ يىللار تىزىلىپ .
كالېندار بېتىگە رەقەملەر بىلەن
قالىدۇ ھەر يىلنىڭ ئىسمى يېزىلىپ .

يىللارمۇ كۆرىدۇ بېھىساب پەرزەنت،
بېھىساب مەخلۇقنى كېتىدۇ ئېلىپ .
نادانلار كۈنلەرنى خار قىلىپ ئۆتسە،
ئاقىللار ئۆتىدۇ غەنىيمەت بىلىپ .

مەنمۇ گاھ غەنىيمەت بىلدىم ـ بىلمىدىم،
غايەمۇ گۈل ـ چېچەك ئاچتى ـ ئاچمىدى .
بۈگۈننىڭ يۈكىنى ئەتىگە تاڭسام،
ئۆگۈنگە غەم چۈشۈپ گەدەن قاشلىدى .

يىللارنىڭ يورغىلاپ باسقان ئىزلىرى
ئۆمۈچۈك تورىدەك چېھرىمدە قالدى .
يەتمىشتىن ھالقىغان ئۆمرۈم قىممىتى
يەتتە سىر كەلگۈدەك ئەجرىمدە قالدى .
ئۈمىدۋار بول، ئاداش! — دېدى يېڭى يىل،
خوپ دېدىم، پۇشايمان كەينىمدە قالدى .

1996 ـ يىل 20 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئۇلۇغ ئەمگەك

(«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە تەبرىكنامە)

كۆز ئېچىپ بالقىدى بىر ئۇلۇغ ئەمگەك ،
ئۇمىدلەر ۋىسالدىن تىزدى گۈلدەستە .
شۇ ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ قان تومۇرلىرى
تەگرىتاغ قامىتى بىلەن پەيۋەستە .

شۇ ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ قەدىر ـ قىممىتى
ئۇرغۇتتى مىڭمۇ مەغرۇرلۇقۇمنى .
تەنتەنە قىلىمەن شۇ ئەمگەك بىلەن
تىلى بال، پىكرى مول ئۇيغۇرلۇقۇمنى .

شۇ ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ تۈنجى ئۇلىغا
تەۋەررۇك خىش قويغان مەھمۇد قەشقەرى .
بىراق ئۇ ئابىدە پۈتمىگەن ئىدى
غەپلەتلىك، غازاتلىق مىڭ يىلدىن بېرى .

مىڭ يىللىق ئابىدە تىكلەندى بۈگۈن،
قەغەزلەر ئۈستىدە چاپچىپ قەلەملەر .
قانچىلىك كۈچ كەتتى، قانچىلىك ئەقىل،
قانچىلىك سەرپ بولدى مالۇ دەرەملەر ؟!

قانچىلىك كۆز نۇرى سىڭدى بۇنىڭغا،
مۇشكۈلدۇر ھېسابلاپ كۆرۈش مۇپەسسەل .
ھەر قۇرنىڭ ھۆسنىدىن چاقنىغان ئەجىر
بۇ ئۇلۇغ ئەمگەككە تۆلەنگەن بەدەل .

ئابىدە دېگىنىم يېڭى بىر قامۇس،
بۇ ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ گۆھەر ئامبىرى .
نۇر ئەمدى مەنالار خەزىنىسىدىن
ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن سۆزنىڭ ھەربىرى .

ھەر بىر سۆز ھۆجەيرە ئانا تىلىمغا،
ھەر بىر سۆز ئەجدادلار ئەجرىدىن سوۋغات .
ھەر بىر سۆز قەلبىمگە سىرداش بولسىمۇ،
تىل بىلەن بېرەلمەي كەلدىم ئىزاھات .

بۇ مېنىڭ مۇشكۈلۈم تەۋەللۇت قىلىپ،
كۆز ئاچتى ئالتە توم مۇبارەك كىتاب .
بۇ كىتاب جانجان ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى -- مۇشكۈلگە جاۋاب .

ئۇيغۇر مەن سۆز بىلەن قەلەمگە خۇشتار،
شۇڭلاشقا بۇ كىتاب مەن ئۈچۈن ئۇستاز .
مۇھەررىر ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە،
ئۇ ماڭا ئەڭ يېقىن ھەمنەپەس قىش - ياز .

ئۇيغۇر مەن دېڭىزدەك باي تىلغا ھەقدار،
شۆھرەتلىك تىللارغا مەغرۇر قارايمەن .
مۇبارەك كىتابنى كۆكسىگە تاڭغان،
تىل ئۈچۈن رىيازەت چەككەن بوۋاي مەن .

نەشرىڭنى قۇتلۇقلاپ، ئەي ئۇلۇغ ئەمگەك،
يېزىشقا تەلپۈندۈم شەنىڭگە شېئىر .
قىينالدىم مۇناسىپ مىسرا تىزالماي،
كەچۈرگىن، ئالدىڭدا خىجىلدۇر پېقىر .

1997 ـ يىل ئاپرېل ـ ماي، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

# قىسقا سۆھبەتلەر

1

— ئاڭلا، ئەزرائىل، سوراي سەندىن سوئال،
بىر مىجەزىڭ بار سېنىڭ غايەت ئوسال .
دائىما كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىسەن،
بىر كۆرۈپ ئۆلسەك بولاتتۇق بەك خۇشال .

— كەچۈرۈڭلار، ماڭىمۇ لازىم ھايات،
كۆرۈنۈپ كەلسەم سىلەردە كۆپ ئامال .

2

— ئاڭلا، ئەزرائىل، ئەجەب سەن بەتقىلىق،
بىر ئىشىڭغا بىلدۈرەي نارازىلىق .
ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئاز ئۆلۈم،
بۇ ئەمەسمۇ بىز ئۈچۈن تەڭسىز سىيلىق ؟

— بىلمىدىڭمۇ، ئەي ھاماقەت، ماڭىمۇ ـ
ياخشىلار لوق گۆش، يامانلار قىلتىرىق .

3

— ئاڭلا، ئەزرائىل، ئۆزۈڭ بەك غەم يېمەس،
بىلسەن، دۇنياغا بىز باقىي ئەمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

جاننى ئالساڭ ئال مۇرادقا يەتكۈزۈپ،
ھېچ كىشى شۇ چاغدا سەندىن رەنجىمەس.

— بىلمەن، بەرسەم سىلەرگە ئىختىيار،
ھېچ كىشى يەتتىم مۇرادىمغا دېمەس.

4

— ئاڭلا، ئەزرائىل، ئادالەت ئەھلى سەن،
ئايرىمايسەن شاھ، گاداي دەپ قەتئىي سەن.
گاھى قول سالدىڭ بوۋاق، ئۆسمۈرگىمۇ،
ئانىلار لەنەتلىگەن بىر ۋەھشىي سەن.

— ۋەھشىيلىك ئاشمايدۇ ئادەمدىن ماڭا،
سەنمۇ بىر ئادەم، ئۇرۇشقاق نەسلى سەن.

5

— ئاڭلا، ئەزرائىل، تېخى نۇرغۇن ئىشىم،
كەلمىگىن سەكسەنگە يەتكۈنچە يېشىم.
چۈنتىكىڭگە زەر تۆكەي ماقۇل دېسەڭ،
بولمىسا تۇتقاي ياقاڭدىن قارغىشىم.

— يوق مېنىڭ مەيلىم لەئەل، ئالتۇنغىمۇ،
يوق مېنىڭ قارغىشلىرىڭدىن تەشۋىشىم.

6

— ئاڭلا، ئەزرائىل، بىلەرسەن ھەممىنى،
مەيلى ئۇششاق سۆز دېسەڭمۇ سەن مېنى.

سەن خۇداغا ئەڭ يېقىن، باققىن سوراپ ،
نە ئۈچۈن تەڭسىز ياراتتى بەندىنى؟

–– سورىسام مەن، دېدى: كارىڭ بولمىسۇن،
ئۆزى بۇزدى، ئۆزى تارتسۇن دەردىنى .

1989 –– 1997 ـ يىللار



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# كۆيمگەنگە كۆيمە

(سانائىل هەرپىيات)

كۆيمگەنگە كۆيدۈ كەم ـ كۈتسىز كالۋا كىشى،
كۆيگىنىنىڭ كەيندىن كۈنلەيدىكەن كومشا كىشى .
كۆيسە كاشكى كۆيگىنى، كەتمەس كۆرۈشمەي كەچكىچە،
كاپشىغاي كۆرگەندە كاس ـ كاس كىبسلى كونا كىشى .
كىم كۆيۈپ، كىم كۆيمدى، كۆرمەس كۆزى كۈپكۈندۈزى،
كۆڭلى كىر، كەچمىشلىرى كەمچىل، كاۋاك كاللا كىشى .
كۈلسمۇ، كۈلدۈرسمۇ كۆپرەك كۆزەتمەي كۆيمگەي،
كاج كۆڭۈلنىڭ كەينگە كىرمەيدىغان كاتتا كىشى .

1998 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى



# كۆڭلۈم دېگەن گەپلەر

بىر گۈزەلنى كۆردى كۆڭلۈم، ئادىمىي گۆھەر دېدى،
ئاي دېسەك ئايدىن گۈزەل، چولپانغا دوست ئەختەر دېدى .
ھۆسنىگە تەڭداش تاپالماي قالدى كۆڭلۈم تەمتىرەپ،
گۈل دېسەك گۈلدىن چىرايلىق، خۇش پۇراق ئەنبەر دېدى .
قامىتى زەپ ۋايىغا يەتكەن زىبا شەمشاد ئىكەن،
غۇنچە بويلۇق نازىنىنلار ئالدىدا سەرۋەر دېدى .
لالە رەڭلىك يۈزلىرىدە خالمۇ يوق، نۇقسانمۇ يوق،
لەۋلىرىدە يالتىراپ تۇرغان قىزىل شەلپەر دېدى .
ئىسمىنى بىلمەك بولۇپ كۆڭلۈم ئىما قىلدى ماڭا،
سورىسام قىز ئىسمىنى، ئىسمىم مېنىڭ دىلبەر، دېدى .
بارىكاللا! — دېدى كۆڭلۈم، — ئىسمىڭىز ھەم جىسمىڭىز
مىڭ يىگىتنىڭ قەلبىگە تارتىپ كىرەر لەشكەر دېدى .
ھېچ يوشۇرماي دېدى كۆڭلۈم: سەن قىزى، مەن ياش يىگىت،
لايىقلىق دىلبەر ئەمەس، كىتاب، قەلەم، دەپتەر دېدى .
تاقىتىم تاق بولدى، كۆڭلۈم، سۆيگىلى قويغىن دېسەم،
كەتمە ھەددىڭدىن ئېشىپ، بولغىن ياۋاش، كەمتەر دېدى .
بىر غەزەل يازدىمغۇ دەپ ماختانما دىلبەر شەنىگە،
يازغىنىڭنىڭ ھەممىسى مەن ئويلىغان گەپلەر دېدى .

1998 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

# ئوماق خېنىمغا

ئوماق خېنىم، ئامراق گۈزىلىم،
مېنى ئەجەب مەپتۇن قىلدىڭىز.
لەيلى بولۇپ سۆيگۈ بېغىدا،
مېنى ئاشىق مەجنۇن قىلدىڭىز.

بىر سىز بىلەن كۆڭلۈم توق مېنىڭ،
ئۆزگىلەرگە مەيلىم يوق مېنىڭ .
ھاياتىمغا ھۇزۇر بېغىشلاپ،
تۇرمۇشۇمنى گۈلگۈن قىلدىڭىز.

كۈن ئايرىلاپ كۆرۈپ قانمىدىم،
مېھرىم بىلەن سۆيۈپ قانمىدىم .
قەدىناستەك ئامراقلىق بىلەن
ئايرىلماسقا ئەپسۇن قىلدىڭىز.

ئاددىي ـ ساددا ياسانغىنىمۇ،
ئاتا يوللۇق ياشانغىنىمۇ
كۆڭلىڭىزنى سوۋۇتالمىدى،
ساداقەتنى مەزمۇن قىلدىڭىز.

كەمستكەندە بەزىلەر مېنى،
مات قىلدىڭىز گەپ بىلەن ئۇنى :

تېگىشمەيمەن سەندەك ياشقا دەپ،
غۇرۇرۇمنى ئۈستۈن قىلدىڭىز.

ئۇنتۇپ قېلىپ چوڭ ياشلىقىمنى،
تەكرارلىسام بەڭۋاشلىقىمنى،
كۆڭۈل ئاياپ تۇرماي ئەيىبلەپ،
مىجەزىمنى تۇرغۇن قىلدىڭىز.

ئاشنا دېگەن كۆڭۈل خۇشلۇقى،
زېرىكىشلىك ئۇنىڭ يوقلۇقى.
چارچىغاندا زېھنىم، ۋۇجۇدۇم،
ھاردۇق بېرىپ جۇشقۇن قىلدىڭىز.

ئىجادىمغا بەردىڭىز ئىلھام،
يورغىلىدى قەلىمىم ئىلدام.
شېئىرىمنىڭ لەززەت تەمىنى
ئەل رايىغا ئۇيغۇن قىلدىڭىز.

گاھى چاغدا رەنجىدىم سىزدىن،
(ئەقدەمنى بىلمىگەن قىزدىن).
بارىمەن دەپ ئالداپ كۈن بويى،
چىرايىمنى سولغۇن قىلدىڭىز.

مېھنەت بىلەن جەبىر - جاپانى،
راھەت بىلەن مېھرۇ ۋاپانى
كۆرسەتتىڭىز ئارىلاشتۇرۇپ،
بۇ سىناقنى نۇرغۇن قىلدىڭىز.

www.uyghurkitap.com

سىناقلاردىن ئۆتكىنىمگە خۇش،
ۋەسلىڭىزگە يەتكىنىمگە خۇش.
خۇشلۇقۇمنى تومۇرلىرىمدا
دولقۇنلىتىپ مەمنۇن قىلدىڭىز.

1999 ـ يىل 16 ـ ماي، ئۈرۈمچى



# پىلسرات ئۈستىدە

(پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ 2 ـ قېتىملىق غەلىبىسىنى شۇ سائەتتە كۆرۈپ)

ئاسماننىڭ ئاستىدا، يەرنىڭ ئۈستىدە
قاناتسىز بىر ئىنسان قىلماقتا پەرۋاز .
پىلسرات ئۈستىدە، بوشلۇق ئىلكىدە
بۇلۇتقا ياندىشىپ كەلمەكتە دارۋاز .

ئېگىزلىك مەنزىلى قۇشلارغا مۇشكۈل،
لاچىنمۇ تەۋەككۈل قىلار بىر قېتىم .
خەۋپ ـ خەتەر چىرمىغان پىلسرات يولى
ئىككى تاغ ئارىسى ئاران كۆز يېتىم .

تەڭرىتاغ ئوغلانى كەلمەكتە تەمكىن،
سىم ئەمەس، گوياكى دەسسەپ ھاۋاغا .
ھەسەتخور تۇمانمۇ سالماقتا تەھدىت،
دەممۇ دەم كەڭ قانات يېيىپ ساماغا .

ئادىلمۇ، تەڭشەكمۇ، سىم تاناپمۇ يوق،
ھەممىنى قوينىغا ئالدى نەم تۇمان .
كۆزۈمگە قادالدى تەشۋىش نەشتىرى،
ئۈمىدىم يىرىكلەپ، زورايدى گۇمان ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېكۇنتلار ئۆتمەكتە بىر ـ بىردىن ئاستا،
مىنۇتلار ئارىسى خۇددى بىر سائەت .
كۆكسۈمگە سىغمىدى ئېغىر تىنىقلار،
ۋەھىمە دەستىن قالمىدى تاقەت .

ئۇچۇشقا تەلپۈندى چاپچىپ يۈرىكىم،
تۇماننى تارقىتىپ ھەمدەم بولاي دەپ .
ئىجازەت سورىدى روھىم ئەنسىرەپ،
سىمدىكى يامغۇرنى سۈرتۈپ تۇراي دەپ .

شۇ چاغدا كۆرۈندى پەلەكنىڭ شاھى،
ۋۇجۇدى تۇتۇن رەڭ، نائېنىق سايە .
«ئۇھ!» دېدى تىترىگەن ئەنسىز يۈرىكىم،
تىلەكلەر قىلىپتۇ ئۇنى ھىمايە .

كەلمەكتە بىر شۇڭقار تۇماننى يېرىپ،
قولىدا تەڭشىكى خۇددى جۈپ قانات .
ئاخىرقى پەللىگە يەتكۈزدى ئۇنى
ماھارەت، جاسارەت، ئىدراك، ئېھتىيات .

ئالقىشلار ياڭرىدى، قۇچاقلىدى ئەل،
ئۇمىدلەر ئېرىشتى ئارزۇ ـ تىلەككە .
تەسەددۇق ئەيلىدى جىنس رېكورتى،
ۋەتەننىڭ شۆھرىتى يەتتى پەلەككە .

جان سىغقان يۈرەككە سىغمىدى شۇ دەم
ئالەمچە زەپەرنىڭ شادلىق، ھۇزۇرى .

جاھانغا تونۇلدى تەگرىتاغ ئوغلى،
بۇ ئوغۇل ۋەتەننىڭ پەخرى، غۇرۇرى .

2000 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سائەت نۆلدىن ئۆتتى بىر مىنۇت

سائەت نۆلدىن ئۆتتى بىر مىنۇت،
چىراي ئاچتى بىرىنچى يانۋار .
تۈنجى بەتنى كۆرسەتتى بىزگە
ئۈستەلدىكى يېڭى كالېندار .

مۇشۇ مىنۇت دۈشەنبە ئاتلىق
كۈننىڭ بېشى، ھەپتىنىڭ بېشى .
كالېندارنىڭ ئاپپاراتىغا
يېڭى سالغان لېنتىنىڭ بېشى .

مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقە
ئاينىڭ بېشى ھەم يىلنىڭ بېشى.
جاراڭلىدى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ
ئۈپۈق بويلاپ يۈرەك ئالقىشى .

مۇشۇ مىنۇت تەقەززا بولۇپ ـ
كۈتكەن يېڭى ئەسىرنىڭ بېشى .
يۈكسەك، گۈزەل ئۈمىد نۇرىغا
چۆمدى بۈگۈن تەلەيلىك كىشى .

مىڭ يىلدا بىر كەلگەن بۇ مىنۇت
خاسىيەتلىك تاڭنىڭ پارلىشى .

قەدەم باستۇق يېڭى مىڭ يىلغا،
قۇتلۇق بولغاي جاھاننىڭ ئىشى.

2001 ـ يىل 1 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



## ياپتوموبىللار، ئاپتوموبىللار

ياپتوموبىللار ـ ياپتوموبىللار، ئاپتوموبىللار،
تارتىنماي دەۋىرەي گەپنى ئۇدۇللا.
كۆپىيىپ كەتتىڭلار خۇددى چاشقاندەك،
تار كەلدى سىلەرگە ئاسفالت يوللار.

بوراندەك غۇيۇلداپ ھەيۋە كۆرستىپ،
دەريادەك دولقۇنلاپ كۆۋەجىدىڭلار.
كۆرگەندە قوماندان قىزىل چىراغنى،
قىستىلىپ، پۇت تىرەپ تىرەجىدىڭلار.

بىز ماڭغان يوللاردا ماڭالايسىلەر،
ئالدىغا، كەينىگە ياتالايسىلەر.
ئۆزۈڭلار سۈركىلىپ، پۇتلىشىپ مېڭىپ،
پۇتلاشقان ئۆزۈڭ دەپ تانالايسىلەر.

بىز ھامان بولالماي سىلەر بىلەن تەڭ،
يول بەردۇق ھۆرمەتلەپ ياۋاشلىق بىلەن.
خەۋپ ـ خەتەر كۈتمىدۇق يېشىل چىراغدىن،
قارامىلىق قىلمىدۇق بەڭۋاشلىق بىلەن.

تاقەتسىز، دىققەتسىز قارام بەندىنى
بىپەرۋا شوپۇردىن ساقلىسۇن خۇدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى

سىلەرسىز مەنزىللەر مۈشكۈل ۋە يىراق،
سىلەرسىز ھېچبىر ئىش بولمايدۇ ئادا .

2002 ـ يىل 30 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## چۈشەنمىدىم

( «ئۆگزە» گە ئۆزگىچە ئىنكاس )

شېئىر يېزىپ ئەللىك نەچچە يىل،
تىرمەپتىمەن قوشۇمىسنى .
ئاتلاپتىمەن، ئاتلىماپتىمەن
كامالەتنىڭ بوسۇغىسنى .

ئاۋام ئۈچۈن يېزىڭلار دېسە،
گۈلدەستىدەك تىزىڭلار دېسە،
ئېتىز بويلاپ ئۈچۈرۈپتىمەن
تەپەككۇرنىڭ قارچىغىسنى .

چۈشەنمىسە ئاۋام ـ ئاھالە،
يازماي قوياي بولۇپ ئاۋارە .
ئويلاپتىمەن شېئىرىيەتنىڭ
ئەگمەيچۇ دەپ قوۋۇرغىسنى .

ئۆزۈمنىمۇ ئاۋام چاغلىدىم،
بىر شۇلارغا ئۈمىد باغلىدىم .
ئەل ئىچىدىن ئىزدىدىم شۇڭا
ئىلھامىمنىڭ زوۋۇلىسنى .

شېئىرلىرىم مەۋھۇم بولالماي،
ئوقۇرمەننى قايمۇقتۇرالماي،
ئاڭلاپ كەلدى يېقىندىن بېرى
مەۋھۇملۇقنىڭ پوپۇزىسىنى .

مەۋھۇملۇقنى ھەر ئامال قىلىپ،
باغاق يېزىپ، پاياندار سېلىپ،
شېئىرىمغا يۇقتۇرالمىدىم
ئۇچۇپ يۈرگەن توزۇندىسىنى .

شۇ سەۋەبتىن سوۋۇدى كۆڭلۈم،
دېدىم: بىكار ئۆتتۈپتۇ ئۆمرۈم .
باغلاپتىمەن ئەنئەنە بىلەن
شېئىرىيەتنىڭ لوگىكىسىنى .

شۇنداقتىمۇ شېئىر بولسىلا
ئوقۇۋەردىم پىكىر بولسىلا .
مەۋھۇملىرىنى تەكرار ئوقۇپمۇ
چۈشەنمىدىم مۇددىئاسىنى .

شېئىر يېزىپ ئەللىك نەچچە يىل،
چۈشىنەلمەي بولدۇم بەك خىجىل .
مەنغۇ چاغلىق، ئىشچى - دېھقانلار
چۈشىنەرمۇ ھەر مىسراسىنى؟

2003 - يىل 22 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## دېكابىر ئەسلىمىسى

(جاپاكەش دادام ۋاپاتىنىڭ 30 يىللىقىنى ئەسلەپ)

ھەر يىلى نويابىر بىر تال گۈل ئېلىپ،
تۇغۇلغان كۈنۈمنى چىللاپ كېلىدۇ .
ھەر يىلى دېكابىر سىنى ئەسلىتىپ،
بىلىگە ئاق چىگىپ يىغلاپ كېلىدۇ .

ھەر يىلى مۇز چىراي ئاشۇ دېكابىر
قەلبىمنى سوۋۇتۇپ قىشلاپ كېتىدۇ .
شۇ ئايدا كۆز يۇمغان ئىدىڭ، جان دادا،
ھەسرىتىڭ باغرىمنى دىسلاپ كېتىدۇ .

بىز ئۈچۈن بىر ئەسىر ياشايسەن دېسەم،
توققۇزغا توققۇزنى كۆپەيتتىڭ ئاران .
مېھرىمىز ئۇلغايدى يېتىملىك ئىچرە،
باغۋەنسىز قالمىدى ھويلا، باغ - ۋاران .

ھاراملىق، خەسىسلىك دۈشمىنىڭ ئىدى،
ۋىجداندەك دوست ئىدى ھالاللىق ساڭا .
شۇ ئۇلۇغ جاپاكەش خىسلىتىڭ بىلەن
تەر تۆكۈپ ياشاشنى ئۆگەتتىڭ ماڭا .

خەيرلىك كۈنلەردە روھىڭ بىز بىلەن
داستىخان ئۈستىدە بولسەن ھازىر .
نەۋرىلەر جەم بولۇپ ئىزدەيمىز سېنى،
كۆڭۈل ئالبومىدا كۆرىمىز ئاخىر .

ئوتتۇز يىل ئۆتۈپتۇ جۇدالىق بىلەن،
يېشىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ يېشىڭغا .
«مۇھەممەد، بارمۇ سەن» ـ دېگەندە مەن يوق،
تاغ ئېشىپ بارالماي قالدىم قېشىڭغا .

ئوتتۇز يىل ئۆتۈپتۇ جۇدالىق بىلەن،
ئوتتۇزدەك ئەۋرەڭنىڭ جىسمىدا سەن بار .
«رەھىم» دەپ تىكلەندى نەسەب ـ نامىمىز،
شۇ نامنىڭ بېشىدا سەن بىلەن مەن بار .

2003 ـ يىل 5 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



## ياشلىقلىك يەكۈن ياسدى

(سانائىل ھەرپىيات)

يالقۇنلۇق ياشلىقلىك يادىڭغا يەتسە،
يىلاندەك يۈملاپ يىرتسەن ياقا.
يولۇقساڭ ياداڭغۇ يىتىم - يىسرغا،
يۆرەككە يامشار يوشۇرۇن يىغا.

يۆكسەككە يەتكەندە ياسانچۇقلۇقۇڭ،
ياغمىغان يامغۇرغا يەكتەك يىپىندىڭ.
يازلىقى يۇرتمۇيۇرت يۆرگەچكە يايراپ،
يالقاۋلىق يىپىشىپ ياتقا يىلىندىڭ.

ياشلىقىڭ يىراقلاپ يەكۈن ياسدى،
يىشىڭنى يوشۇرۇپ ياشىرالمايسەن.
يونىقىڭ يوناققا ياپسالاشمىدى،
يىكەندىن يەل - يىمىش يارىتالمايسەن.

يەنىلا يولدىكى يانتاقنى يوقات،
يىقىلماي يۈگۈرسۇن يالاڭ يوقسۇللار.
ياخشىنى يۆلەيدۇ يارقىن يۆرەكلەر،
ياماننى يونايدۇ ياپتا يۇمۇرلار.

يورۇقلۇق يەتكۈزۈپ يېزا ـ يايلاققا،
يۇرتۇڭنى يېڭىلا يېشىللاشقىچە .
يوللىرىڭ يۈزلەنسۇن يېقىن ـ يىراققا ،
ياشنىسۇن يەتتىدىن يەتمىش ياشقىچە .

2003 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

## ئىنژېنېرغا ئىلتىماس

خاسىيەتلىك ئەينەكلىك ئىنسانغا دەركار، ئىنژېنېر،
ئەينەكلىك ئالەمنى كۆرسەتتى، ئىجادكار ئىنژېنېر.
كۆرىمىز كىنو، تىياتىرلارنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
ئېيتىمىز رەھمەت ساڭا، ئەل - يۇرتقا ھەمكار ئىنژېنېر .
بۇ خۇشاللىق ھۆسنىنى سەتلەشتۇرۇپ چىقتى سۆگەل،
تارقىلىشچان بۇ سۆگەلگە پۇل سەۋەبكار، ئىنژېنېر .
بۇ سۆگەلنىڭ ئىسمى «ئېلان»، بەك ئازازۇل، بەك قىلىن،
مەسلىھەت، تەنقىد ئۇنىڭغا قىلمىدى كار، ئىنژېنېر .
مەرىپەت، سەنئەت، ئۇچۇردىن ساختىپەز ئېلان تولا،
ساختىلىق سەممىيەتنى قىلدى ئىنكار، ئىنژېنېر .
بىر تىياتىر تۈگمەي ئېلان كۆرۈنگەي ئون قېتىم،
زوق، ھۇزۇر، شادلىق دىگەنلەر بولدى بىكار، ئىنژېنېر .
ئەلنى بىزار قىلدى يالغان - ياۋىداق ئېلانچىلىق،
بۇ ئەلەمدىن بىزنى ئازاد قىل، نىجاتكار ئىنژېنېر .
بەك يوغان مۆرەيدىكەنمىش سۈتى ئاز كاداك ئىنەك،
بۇ ئېسىل تەمسىل ساڭا بولسۇن تەلەپكار، ئىنژېنېر .
ئەمدى بىر ئەينەك ياسا ئېلاننى دوست تۇتمايدىغان،
ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىل، ئەي مەدەتكار ئىنژېنېر .

2004 - يىل 20 - مارت، ئۈرۈمچى

# يېشمنى سورىماك

ئۈچرىشىپ قالساق، ماڭا ئىللىق قارايسىز ھەر قېتىم،
نەچچە ياشقا كىرىدىڭىز دەپلا سورايسىز ھەر قېتىم.
نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالغاندۇ ئەرلەرنىڭ يېشى،
بىلمىدىم، دەپ بەرمىسەم جىندەك مارايسىز ھەر قېتىم.
مەن يېشىمنى سانىماي غەمسىز ياشاۋەردىم، قاراڭ،
شۇڭا بىلمەيمەن دېسەم، كايىپ جورايسىز ھەر قېتىم.
مەنمۇ سىزدىن سورىمايمەن، سىزمۇ مەندىن سورىماڭ،
مەن ئۈچۈن مۇنداق سوئال مۇشكۈل، قۇلايسىز ھەر قېتىم.
ئوخشىمايدۇ ياش بىلەن جۇشقۇن كۆڭۈلنىڭ ياشلىقى،
يەتسىڭىز گەپ تەكتىگە، شۇنداق يارايسىز ھەر قېتىم.

2004 ـ يىل 15 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇھەببەتنىڭ مىجەزى

مۇھەببەتنىڭ يولى ئەگرى ـ توقايلىق،
ئۆزى مۈشكۈل، لېكىن ئىسمى چىرايلىق.
ئۇنىڭ چىن سۆيگىنى ۋىجدان، ساداقەت،
ئاڭا لازىم ئەمەس بايلىق، گادايلىق.
مىجەزى دەرد ـ ئەلەم، ھىجرانغا ئامراق،
تېپىلغاي ئاز ۋىسال، ئىمكان، قۇلايلىق.
مۇھەببەتتە نېسۋە خىل ـ خىلغا،
ياراشمايدۇ دېمەس ھەرگىز بوۋايلىق.

2004 ـ يىل 16 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



# خۇدا بەندەم دېسە

ناۋائى يارىنىڭ ئەكسىن زىلال مەيدىن كۆرۈپتۇ،
ۋىسالىنىڭ زوقىنى دۇتار بىلەن نەيدىن كۆرۈپتۇ.

مۇھەببەت ئەھلى شائىرلار ناۋائىنى ئېتىپ ياد،
قەدەھلەر پەيزىنى خۇش كەتتى -- لەببەيدىن كۆرۈپتۇ.

قەدەھ تۇتقان ئىدى دوستۇم، قوبۇل كۆرمەي يېلىنسام،
دېدى: -- ئىچمەيدىغانلار مەينى ئىشتەيدىن كۆرۈپتۇ.

كۆڭۈلنى قايتۇرۇش، ئەپسۇس، بىھۆرمەتلىك دېيىشتى،
بىھۆرمەتلىكنىمۇ مەندەك بىتەلەيدىن كۆرۈپتۇ.

-- خۇدا بەندەم دېسە يەتكۈزمىسۇن مەيدىن جۇدالىق، --
دېدى دوستۇم، ھۇزۇرنى ۋودكا، ماۋتەيدىن كۆرۈپتۇ.

2005 - يىل 18 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# مەۋھۇم سۈكۈت

داستىخان راسلاپ سۈكۈتتىن چىللىغان نامەرد ئۆزۈڭ،
يوق ئىكەن بۇغداي نېنىڭمۇ، يوقمىدى بۇغداي سۆزۈڭ ؟
كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ ئاۋارە بولدى دىققىتىم،
نە ئۈچۈن مۈشكۈل مۇئەمما ياغدۇرار بىر جۈپ كۆزۈڭ ؟
كەپتىمەن ھۆسنۈڭدىكى مەۋھۇم سۈكۈتكە ئۆلگۈرۈپ،
ھېچقاچان مۇنداق پەرىشان بولمىغان نۇرلۇق يۈزۈڭ .
سۆيگۈنىڭ ئىستەكلىرى خىلۋەت چىمەن، ئايدىڭ كېچە،
بۇزدىمۇ ئىستەكلىرىڭنى شۇ بۈگۈنكى كۈندۈزۈڭ ؟
كالتە ئەقلىم كېچىكىپ يەتتى سۈكۈتنىڭ تەكتىگە،
ئەھدىمىزنى يىرتقىلى تەييار تۇرۇپتۇ مۈڭگۈزۈڭ .

2005 ـ يىل 15 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى



# كەچۈرۈڭ !

قىز دېدى يىغلاپ تۇرۇپ: — سىز رايىڭىزنى بىلدۈرۈڭ،
لەۋزىڭىزدىن ئوق ئۈزۈڭ ـ دە، يىغلىتىڭ يا كۈلدۈرۈڭ .
مەندە گەپ يوق، ئەندىشەم بار، سىزدە قالدى ھەممە گەپ،
قەلبىڭىزنى چۇخچىلاپ دادىل زۇۋانغا كەلتۈرۈڭ .
گاھى چاغ شېرىن سۇخەن سىز، يورغىلايدۇ ۋەدىڭىز،
ئەمدى سىز شۇ ۋەدىلەرنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈڭ .
گاھى چاغ ھاتەمگە ئوخشاش بەك رەھىمدىل، بەك سېخي،
گاھ ئەمەس، دائىم يېقى ھاتەم بولۇشقا يەك تۈرۈڭ .
زادى سىزدىن كۈتكىنىم بايلىق ئەمەس، سەممىيەت،
بۇ تەلەپكە زىت خىيالنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈڭ .
رايىڭىزغا سىنچىلاپ باقسام ۋىسالدىن يوق ئۈمىد،
سىز ئۈچۈن مۇھەببىتىمنى خارلىمايمەن، كەچۈرۈڭ !

2005 ـ يىل 13 ـ ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## ناخشىڭىزغا ئاشىقمەن

ناخشىڭىز ئاشىق كۆڭۈلنى ئۆۋچىدەك ئوۋلايدىكەن،
ئىشقىيانە ھېسسىياتنى ئويغىتىپ توۋلايدىكەن .
ناخشىڭىز پەرۋازىدىن نۇرلاندى قەلبىم كۆزنىكى،
بىناۋالار قەلبىنى پەرۋىش قىلىپ ئوڭلايدىكەن .
ناخشىڭىز لىرىكىدىن خەتسىز ، ئاھاڭلىق دەرس ئۆتۈپ،
يازغىلى ئىلھام خەزىنەمگە پىكىر جۇغلايدىكەن .
ناخشىڭىز بۇلبۇلنى مەست قىلغان گۈزەل سىمفونىيە،
كۈيچى بۇلبۇل: «مەن ئۇنىڭ شاگىرتى» دەپ ئويلايدىكەن .
ناخشىڭىز دەردمەن بىتابلار رەنجىگە مەلھەم، شىپا،
شاد ـ خۇراملىق دۈشمىنى غەم ـ قايغۇنى قوغلايدىكەن .
ناخشىغا ئاشىقلىقىمدىن سىزگىمۇ ئاشىق دېسەم،
ئاتا يوللۇق ئابرۇيۇم مەندىن بويۇن تولغايدىكەن .
ناخشىڭىزنىڭ ئانىسى ئۇيغۇرغا خاس مىراس مۇقام،
سىزنى ئالقىشلاپ نەفسە[1] قۇت تىلەك يوللايدىكەن .
ناخشىڭىزدىن يۇرت خۇشال، باغلار خۇشال، تاغلار خۇشال،
تەڭرىتاغمۇ ناخشا ـ كۈيسىز مۇز بولۇپ توڭلايدىكەن .
ناخشىڭىزغا بىر بېكەت ئىككى قۇتۇپنىڭ ئارىسى،
پىنگۇئىنلار زوق بىلەن ئاڭلاپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن .
ناخشىڭىزدىن تاپتى شۆھرەت يېڭى «بۇيىلۇق باغلىرى»،
تەكلىرى سىزنى قۇچاقلاپ، ھاسلى غوللايدىكەن .

ناخشڭىزدىن بالقىدى شېرىن «ۋىسالىنىڭ شادلىقى»،
تەبىئەتمۇ گۈلباھاردەك كۈيچىنى قوللايدىكەن .

2005 ـ يىل 24 ـ ماي، ئۈرۈمچى



① نەفسە —— مۇقام پېشۋاسى ئامانىنسانىڭ تەخەللۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قولۇڭدا موي قەلەم

(ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندىگە يېڭى يىل سوۋغىسى)

قولۇڭدا موي قەلەم، قەغەزدىكى ئىنسانغا جان بەردىڭ،
نە ئىنسان، موي قەلەم بىرلە تۈمەن مىڭ جانغا جان بەردىڭ.
زېمىننى قىش ـ زىمىستان ئاق لىباسقا چۈمكىگەن چاغدا،
باھار ھەم يازنى سارغايتماي، يېشىل بوستانغا جان بەردىڭ.
مۇقاملار بەزمىسى ئىچرە ئۇسسۇلچى سازچىغا تەڭكەش،
ساداسىز بەزمە جۇش ئۇرغان نەپىس ئىكرانغا جان بەردىڭ.
«جىنايەتلىك ھۆكۈم» مۇدھىش قارا ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى،
تاڭ ئاتماستا ئېزىلگەن ناتىۋان دېھقانغا جان بەردىڭ.
كى مەھمۇد قەشقەرى مىڭ يىل ياشاپتۇ بىز بىلەن بىللە.
ئىلىم دۇنياسىدا ئالەمشۇمۇل سۇلتانغا جان بەردىڭ.
موماي تىككەن بادام دوپپا راۋاب چالغان بوۋاينىڭمۇ؟...
ياشانغانلارغىمۇ سۆيگۈ ئۇچۇن ئىمكانغا جان بەردىڭ.
قولۇڭدا موي قەلەم شاھەت تەپەككۇر ھەمدە غايەڭگە،
گۈزەل سەنئەتكە ئاشىقلار دېدى: جانانغا جان بەردىڭ.
ئىجادىي ئەمگىكىڭ دەرياسىدىن بىر تامچە بۇ ئەشئار،
يېتۈك رەسساملىقىڭدىن ئۇرغۇغان ئارمانغا جان بەردىڭ.
يېڭى يىلدا يېشىڭ ھەم سەنئىتىڭنى قۇللىسۇن ئامەت،
ھەۋەسكارلار ئۇچۇن ئىلھام كەبى مېھمانغا جان بەردىڭ.

2005 ـ يىل 11 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ماختاش ۋە سۆكۈش

ئۇدۇم ئاپتۇ مجەزىم ئىغىر ـ بىسىق ئاتامدىن،
ياخشى ـ يامان گەپلەرگە پەرۋايىم يوق شۇڭلاشقا .
ئاڭلىغاندا دوستلاردىن ماختاش بىلەن سۆكۈشنى،
ئادەتلىنىپ قاپتىمەن كۆۋەجىمەي ئاڭلاشقا .

ماختاشلارغا رەھمىتىم، كەچۈرۈڭلار، ئاز بولدى،
سۆكۈشلەردىن يول تېپىپ، كەيپىياتىم ساز بولدى .
كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى بولماس تىكىپ قويغىلى،
مەيلى دېدىم بەزىلەر پېتىنسىمۇ تىللاشقا .

ماختاش بىلەن سۆكۈشنىڭ يالغىنى بار، راستى بار،
يۈزتۇرانە ماختاشنىڭ مۇددىئاسى، قەستى بار .
راستچىللىرى نوقۇشلاپ ئۇيغىتىدۇ ئەقلىنى،
يالغانلىرى بەك ئۇستا ھۆل خىش قويۇپ ئالداشقا .

ماختاش بىلەن سۆكۈشنىڭ ھەر ئىككىسى دالالەت،
شادلىق بىلەن رەنجىشنى سوقۇشتۇرغان رىقابەت .
«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن ياخشى تەمسىلمۇ
رىقابەتنىڭ ئەھلىنى چاقىرىدۇ ئويلاشقا .

ئاسان ئەمەس يېقىملىق ماختاشلارنى رەت قىلىش،
بەكمۇ ئاسان ماختاشنىڭ خۇشتارىنى لەت قىلىش .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

«قاراقچىدىن يامانراق، –– دېدى، –– ماختاش تۆھمىتى»①
مۇنداق شېرىن تۆھمەتلەر ئالالايدۇ يانپاشقا .

ماختاشلارنىڭ تولىسى يېلىڭ ئەمەس، نىقابلىق،
خۇشامەتتىن تون كىيگەن، گەپ ـ سۆزلىرى ھېسابلىق .
ئايرىيالماي تەرلەيسەن خۇشامەتنى ماختاشتىن،
نەزەرىڭدە يەكۈنلەپ چىقىرىسەن ئوخشاشقا .

دوست ماختايدۇ ئارقاڭدىن، ئەيىبلەيدۇ ئالدىڭدا،
ماختاشلارغا مەست بولساڭ، ئەقلىڭ ئاياغ ئاستىڭدا .
ھەق سۆز –– ھامان ئاچچىق سۆز، خۇددى دوختۇر پىچىقى،
قادىر ئىكەن شۇ پىچاق ئىللەتلەرنى ئوڭشاشقا .

2006 ـ يىل 8 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى



① بۇ مىسرادىكى پىكىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ .

# ئاي ئاتلىغان جۇدالىق

ئاي ئاتلاپ تىرەجىگەن جۇدالىقتىن
ۋىسالىنىڭ يۈرىكىگە قوندى تەشۋىش .
ئارزۇيۇم ئۈمىد بىلەن قۇچاقلىشىپ،
باشلاندى سېغىنىشلىق يېڭى كەچمىش .

جۇدالىق بەدىلىگە يار ۋەسلىنى
زارىقىپ كۈتمەكتىمەن ئاي - كۈن ساناپ .
كۈندۈزى تاغ شامىلى بەرمەس ئۇچۇر،
كېچىسى تولۇن ئايدىن كەلمەس جاۋاب .

زارىقىپ كۈتكەنسېرى تەشنالىقىم ،
«تېز - تېز ماڭ!» دېدى قوغلاپ ھەپتىلەرنى .
بىچارە ھەپتىلەرمۇ تېپىرلىشىپ،
قوغلىدى بۈگۈن بىلەن ئەتىلەرنى .

سېغىنىش كۆۋەجىگەن كۈنلەردىمۇ ،
پۈتلاشتى قىسمەتلىرىم كۆڭۈل بۆلمەي .
ئاي - كۈنلەر مىنىپ قاچتى ئارمىنىمنى،
مەن ئۈچۈن يار ۋەسلىنى راۋا كۆرمەي .

مۇڭدىشىپ ئايلار بىلەن شۇنداق دېدىم:
جۇدالىق قىينىمسۇن ئەمدى مېنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمنى يەردە قويدى بىزەك ئايلار،
بىر يىلدەك تۇيۇلماقتا ھەربىر كۈنى .

ئۈمىدۋار بولغىن دېدى مېنى ھىجران،
سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن، ئۈستى تاقەت .
مىسلىداپ مېڭىۋەرسۇن بىغەم كۈنلەر،
كېلىدۇ ۋىسال بىلەن ياخشى سائەت .

لەززىگە كېلەي دېدى تاقەت قاچام،
كەلسىلا تەلپىمدىن ئەنسىرەيمەن .
جۇدالىق ئاي ئاتلىدى، يىل ئۆتمىسۇن،
يىل ئۆتسە سەرسان بولۇپ تەمتىرەيمەن .

2006 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



## ئىنتىزارلىق

بۇ قاشاڭ ئاي تېخىچە تاقلاپمۇ ئۆتتۈز بولمىدى،
ئامىتىمنىڭ سائىتى، چۈش بولدى، توققۇز بولمىدى.
كېچىلەر غەمخانە مەن، تۈن لەشكرى بەرمەس ئارام،
دەردۇ ھىجران ئاسمىنىدا بىرمۇ يۇلتۇز بولمىدى.
ئىنتىزارلىق ئەۋجىدىن كەتمەس خىيالىمدىن نىگار،
نەزەرىمدە بۇ نىگار مۇنداق گۈزەل ـ ئۈز بولمىدى.
ۋەسلى دىدارىغا جۇدالىق چىك يېپىشتى سالجىدەك.
يار ۋىسالى مەن بىلەن بىردەممۇ يالغۇز بولمىدى.

2006 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەخۋاش ئىلھاملار

### — ئاغرىك، چىشىم

ئاھ چىشىم، ئاغرىك چىشىم، ئاغرىك تازا، ئاغرىك چىشىم،
ھېچ ئۇيالماك بارچىدىن، تارتماي ئىزا ئاغرىك چىشىم.
ۋاقتىڭىز يەتسە يەنە ئاغرىك ئارام بەرمەي ماڭا،
«شادلىقمىدىن» قىچقىراي مۇڭلۇق سازا، ئاغرىك چىشىم.
ئەندىشە قىلماك، جاھاندا جىنى بارنىڭ دەردى بار،
دەردىڭىز داۋاسىغا خەجلەي تىزا، ئاغرىك چىشىم.
ياكى لازىم بولدىمۇ لوقمان ھەكىمدەك بىر تېۋىپ؟
ئاختۇراي كاتتا ـ كىچىك شەھرۇ يېزا، ئاغرىك چىشىم.
ھالىڭىزدىن بىخەۋەر نان دەيدۇ قورساق تويمىغۇر،
شۇ ئەدەپسىزگە يېگۈزمەستىن غىزا، ئاغرىك چىشىم.
قەن، ناۋات چايناپ چوقۇپ مەن سىزگە سالدىم كۆپ زۇلۇم،
چوك گۇناھكار مەن، شۇڭا تارتاي جازا، ئاغرىك چىشىم.
دەيدىكەن: «چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس، ئۆلمەس كىشى»،
ئۆلمىگەنگە دەي شۈكۈر، سىزدىن رىزا، ئاغرىك چىشىم.»

1948 ـ يىل فېۋرال، غۇلجا

## يول ئۈستىدىكى سۆھبەت

تۇراتتىم، بىر سەتەڭ كەلدى، دېدى توختاپ: ــ تۇرۇپ قاپسىز؟
ــ ھەئە، شۇنداق، ــ دېدىم مەنمۇ، ــ شاپاشلاپ بەك ھېرىپ قاپسىز.
ــ ئۆيۈم بەكمۇ يىراق يەردە، ــ دېدى، كۈلدى، يېقىنلاشتى،
تونۇشلاردەك دېدى ئاستا: ــ ئەجەب ياخشى كېلىپ قاپسىز ...
دېدىم: ــ بىر ئىش بىلەن كەلدىم، ــ دېدى ئۇ: ــ سۆزلىمەڭ يالغان،
مېنىڭدەك زېرىكىپ سىزمۇ بۇ يەردە تەلمۈرۈپ قاپسىز .
دېدى، ناز قىلدى ناييناقلاپ، پەرەنجە ئىككى پۈكلەندى،
كۆرۈپلا سەسكىنىپ كەتتىم، دېدىم: ــ ئاچا، قېرىپ قاپسىز.
ــ ۋىيەي، ئۇنداق دېمەڭ بىزنى، يېشىم ئوتتۇزغا يەتكەن يوق .
دېدىم: ــ ئوتتۇزدا تۇرماپتۇ، قىرىق بەشكە بېرىپ قاپسىز .
دېدى: ــ سىز بەك نادانكەنسىز، جۇۋان قەدرىگە يەتمەيسىز ،
ياراتمايسىز مېنىڭدەكنى، ئەجەب بىر ئەيمىنىپ قاپسىز .
دېدىم: ــ ئاچا، ئېسىلماڭ سىز!
دېدى: ــ سىزنى ياراتتىم مەن،
دېدىم: ــ ئىنساب قىلىڭ ئاچا، يامان كويغا كىرىپ قاپسىز .
ــ بازاردا مىڭ كىشى بولسا، كۆڭۈلدە بىر كىشى، دەيدۇ، ــ
دېدى، سۆزدە داۋام قىلدى: ــ يىگىتلىكتە چېنىپ قاپسىز.
دېدىم: ــ يولغا مېڭىڭ، ئاچا، ئەجەپ داپ يۈز ئىكەنسىزغۇ،
قاراپ باقمايلا ئەينەككە تالا ــ تۈزگە چىقىپ قاپسىز.
ئۇيالدىم خەلقئالەمدىن، لېكىن ئۇ نائۈمىد كەتتى،
كېتەر چاغدا دېدى شۇنداق: ھەسەلدىن كېكىرىپ قاپسىز .

1948 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككى خەت

ۋالىبولچى چېۋەر قىز،
شۇنداق ئاتاي ئېتىڭنى .
كىملەر يېزىپ قويغاندۇ
مەيدەڭدىكى خېتىڭنى ؟

كۆزۈم ئۆزمەي قاراپمۇ
بىلەلمىدىم مەن پەقەت .
مېنى ئەجەب قىينىدى
بۆرتۈپ چىققان ئىككى خەت .

1975 ـ يىل 2 ـ ماي، ئۈرۈمچى



## جاھاز

(مۇئەممە)

بىر كارامەت نەرسە كۆردۈم، ئىسمىنى ئېيتماق قىيىن،
كۆز بىلەن كۆرمەككە رۇخسەت، قول بىلەن تۇتماق قىيىن.
خۇددى قاسقاندەك زورايغان بۇ جاھاز پەرۋىش بىلەن،
كىمكى كۆرسە لال بولۇشتىن ئەقلىنى يىغماق قىيىن.
ئىگىسى قوش قاپ كۆتۈرگەن بىر ئۆمۈر ھاممال ئىكەن،
يىقىلىپ چۈشسە مۇبادا ئورنىدىن قوپماق قىيىن.
بۇ جاھازنى يۈكلىۋاپتۇ دۈمبىسىنىڭ ئاستىغا،
شۇ ئايال چۈشكەن پىكاپىنىڭ ماتورى تارتماق قىيىن.

1978 - يىل 19 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## چىشلىرىمغا

ئالدىراپ بولما خۇشال، ئەي چىشلىرىم،
كۆپ قېتىم قىلدۇق سېنى دەپ بىئارام.
مەنمۇ تۇرماستىن ئاياپ كۆڭلۈڭنى ھېچ،
ھە مانا، دوختۇرغا باردىم، ئىش تامام.

كۆردى - دە چىش دوختۇرى بىر سىنچىلاپ،
باقتى ئۇ زەخمەت يىرىڭنى كوچىلاپ.
دېدى ئاندىن: «دورىسى ئامبۇر بۇنىڭ،
قىينىلىپسىز، جىنىڭىز تاپسۇن ئارام.»

مەن دېدىم: «بولغان بىلەن تارتىش ئۇڭاي،
ئورنىغا چىش چىقمىسا قانداق قىلاي؟
ئاشقازاننىڭ ئاچچىقى كەلمەسمىكىن،
كۇندە ئۈچ ۋاخ چايىنىماي يېسەم تائام؟»

«ئاغرىماستا چىشنى ئاسراش سىزدە يوق،
ئاغرىغاندا باشقا چارە بىزدە يوق.
چىش كېرەك بولسا سەدەپ چىش سالدۇرۇڭ،
ئۆمرىڭىز شۇ چىش بىلەن ئەتكەي داۋام.»

دېدى - دە، ئىش باشلىدى ئوپۇل - توپۇل،
ئۇردى ئاغزىم ئىچىگە ناركوز ئوكۇل.

مەست قىلىپ تارتىپ قولۇمغا بەردى ئۇ،
قىلچە ھاجەت بولمىدى غەيرەت، چىدام.

ئەنە، شۇنداق تارتتۇرۇپلا ھەر قېتىم،
تاشلىماي يىغسام بولۇپتۇ بىر سىقىم.
سەن ۋاپاسىز چىشلىرىمنى ھەر كۆرۈپ،
ئويلىدىم: قالتىس ئىكەن دوختۇر ئاكام.

بىر سىقىم چىش– بىر سىقىم پاسىق سۆڭەك،
قالدى ئۈچ تال چىش بىلەن بىزنىڭ ئىڭەك.
ئاغرىساڭ قايسىڭ يەنە قىسمەت مۇشۇ،
چىش دېگەن گۆھەر ئەمەسقۇ، ۋاي ئاتام!

1978 ــ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## ئوڭۇم ۋە چۈشۈم

چىرايلىق قىز، ئۇماق قىز،
كۆزلىرى شوخ بۇلاق قىز.
ئەتىرگۈلمۇ بوينىڭىز،
پۇرىسام خۇش پۇراق قىز.

لەۋلىرىڭىز گىلاستەك،
چىشلىرىڭىز مەرۋايىت.
سىياقىڭىز كۆڭلۈمنى
تارتىۋالدى ئاجايىپ.

خۇددى ئالتۇن قوڭغۇراق —
ئاۋازىدەك كۈلكىڭىز.
قىرىق قىزغا بەرگۈسىز
بار ئىكەن ناز — خۇلقىڭىز.

كېچە — كۈندۈز خىيالىم
ھەمنەپەستۇر سىز بىلەن.
جۈپ بولۇشنى ئويلايمەن
سىزدەك ئۇماق قىز بىلەن.

تاڭ سەھەردە چۈشۈمدە
باغ ئارىلاپ يۈرۈپتۇق.

تەشنا بولغان منۇتنىڭ
ھۇزۇرىنى كۆرۈپتۇق ...

نەپەسلرىم تېزلشىپ،
بىر سىلكىنىپ ئويغاندىم .
تۇرۇپ كەتتىم ئورنۇمدىن،
ھەسرەت چېكىپ تولغاندىم .

بەندەم دېسە خۇدايىم،
شۇ چۈشۈمنى ئوك قىلسۇن .
مېنى ئازراق ياشارتىپ،
سىزنى تېزراق چوك قىلسۇن .

1987 ـ يىل 15 ـ ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گەپ

موللىلارنىڭ ئاغزىدا ساۋابنىڭ گېپى،
تۇل خوتۇننىڭ ئاغزىدا تاۋاپنىڭ گېپى.
بايۋەچچىنىڭ ئاغزىدا شاراپنىڭ گېپى،
ئۇلپەتلەرنىڭ ئاغزىدا كاۋاپنىڭ گېپى.
مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدا كىتابنىڭ گېپى.
دوختۇرلارنىڭ ئاغزىدا بىتاپنىڭ گېپى.
بوغالتىرنىڭ ئاغزىدا ھېسابنىڭ گېپى،
باشلىقلارنىڭ ئاغزىدا پىكاپنىڭ گېپى.

1994 ـ يىل 3 ـ مارت، ئۈرۈمچى



## رۇبائىيلار

كىشىلىك دۇنياسى زىددىيەتكە لىق،
دېڭىزدەك دولقۇنلۇق، گاھىدا سىلىق.
زىددىيەت ئېيتىدۇ: «بالام– ئىنقىلاب،
ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان نەۋرەم– يېڭىلىق».

*　　*

جاھالەت قوينىنى يورۇتقان كۈرەش،
مەھكۇملار يېشىنى قۇرۇتقان كۈرەش.
قەيەردە زۇلۇمنىڭ ئۆسسە خورىكى،
شۇ يەردە ئۆزىنى تونۇتقان كۈرەش.

*　　*

ئۆگەنسەڭ سانىماي سەككىز دېمەيسەن،
تىلسىمغا قول سېلىش ئەپسىز دېمەيسەن.
ئەقلىڭنى پەن بىلەن قاناتلاندۇرساڭ،
يۇلتۇزلار ئارىسى چەكسىز دېمەيسەن.

*　　*

مەغرۇرلۇق تەختىدە بولۇۋالماي بەگ،
مەرىپەت كۆكسىگە بېشىڭنى سەن ئەگ.
بۇ يولدا مەردلىكنى كۆتىدۇ ۋەتەن،
مۈشكۈلگە قىل ھۇجۇم، شىددەت بىلەن تەگ.

*　　*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئىلىپبە ـ ساۋاتقا ئىپتىدا قەدەم،
مىڭىشقا ئۆگىتەر سىنى دەمبەدەم.
مىڭىشتىن ئۇچۇشقا ئۆگەتكەنمۇ شۇ ـ
ئەللىككە يەتمىگەن ھەرپ بىلەن رەقەم.

*　　*

بۇلۇتسىز زىرائەت يامغۇرى ياغماس،
مېھنەتسىز ھالاۋەت يامغۇرى ياغماس.
مىسلىسىز جاپالىق مەرىپەت ئىشى،
ئۇنىڭسىز سائادەت يامغۇرى ياغماس.

*　　*

ئەقلنى يورۇتقاچ پەننىڭ زىياسى،
يەكۈنگە ئېرىشتى گۇلدباخ قىياسى.
پەن بىلەن تىركىشىپ چىداش بىرەلمەس
مۈشكۈلنىڭ مۈشكۈلى، پىر ـ ئەۋلىياسى.

*　　*

يەر ـ زېمىن تەۋرىسە تىترىمەس ۋاقىت،
ۋولقانلار پارتلىسا پىترىماس ۋاقىت.
تەگرىنىڭ قەھرىگە، شاھنىڭ ھۆكمىگە،
مەنزىلنىڭ چېكىگە ئۇچرىماس ۋاقىت.

*　　*

تۈن قوينى ئادەتتە ھەمىشە تىمتاس،
سۇبھىدە خورازلار سالىدۇ قىقاس.
بۇ سادا مەنىسى تاڭغا مەرھابا،
ھاياتقا مۇھەببەت، ۋاقىتقا ئىنكاس.

*　　*

تىنىمسىز ئاقسىمۇ چارچىماس دەريا،
ۋاقتىمۇ دەريادەك ئاقىدۇ گويا.
شۇڭغۇساڭ دەرياغا ئالىسەن گۆھەر،
لەيلىسەڭ ئۆمرۈڭنى قىلىسەن زايا.

*　　*

كىشىلەر ياقتۇرار سېخىيلىقىڭنى،
خەيرخاھ، ھەممەتكە ئېچىللىقىڭنى.
ۋاقتىنىڭ خاھشى ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ياقتۇرار ئۇ سېنىڭ بېخىللىقىڭنى.

*　　*

ئاي، يىللار ئۆتىدۇ ياز ۋە قىش بىلەن،
بىنالار پۈتىدۇ سانسىز خىش بىلەن.
بىناكار بولساڭ سەن، باشلا ئىشىڭنى
ئۆمرۈڭگە مۇستەھكەم ئۇل تىزىش بىلەن.

*　　*

ئۆمۈرنىڭ مەنىسى ۋاقىت دېگەنلىك،
ۋاقىتتۇر ئەبەدىي، ئۆمۈر قەرەللىك.
ئۆمرۈڭنى ئەبەدىي قىلىدۇ پەقەت
ئەجرىڭدىن يارالغان بايلىق، گۈزەللىك.

*　　*

ئۆمۈرنى ئوخشاتساڭ ئاققان ئېقىنغا،
ياشلىقنى ئوخشاتقىن چاقماق - چېقىنغا.
چېقىندەك ياشلىقتا بىلىم رىشتىنى
باغلىغىن، چىڭ باغلا يۈرەك قېتىڭغا.

*　　*

ياشلىقتا باشلانغان ئويۇن - كۈلكىدىن
غاپىللىق جاي ئالار كۆڭۈل مۈلكىدىن.

«ئاھ، ئىسسىق ياشلىقىم!» دەپلا قالسىمەن
نۆۋىتىڭ كەتكەندە ھايات ئىلكىدىن.

* *

باغۋەنسىز ياشلىقتا ئوغرى ھەممەپەس،
ئەڭ يامان ئوغرىسى ھاۋايى - ھەۋەس.
تۇتۇلغان بولسىمۇ بارچە ئوغرىلار،
ياشلىقنىڭ ئوغرىسى تۇتۇلغان ئەمەس.

* *

چەللىدە ئارغىماق چاپقىلى بولماس،
قۇيرۇقنى ئىتەكتە ياپقىلى بولماس.
ئىللەتكە مۇپتىلا بولغان كىشىگە
ئاۋامدەك دوختۇرنى تاپقىلى بولماس.

* *

ماختاشلار كۆڭۈلگە بەرگەندە لەززەت،
ئەقلىنىڭ كۆزىنى توسايدۇ غەپلەت.
ھەق سۆزدىن ماختاشنى ئەتىۋار بىلسەڭ،
نۇقسانلار بولىدۇ تۆگىدەك ئىللەت.

* *

دوست بولساڭ ئەيىبىنى كۆرگىنىڭ ياخشى.
يۈزتۇرا ماختاشتىن ئۇرغىنىڭ ياخشى.
چىشىڭنىڭ ئىقىنى كۆرسەتكىنىڭدىن،
مېنىڭچە ھوميىپ تۇرغىنىڭ ياخشى.

* *

ھايۋانمۇ بىر مەخلۇق، نادانمۇ مەخلۇق،
بۇلارغا لازىمى تىرىكلىك، توقلۇق.
مەنىۋى جەھەتتىن ئوخشايدۇ ئۇلار،
جىسمانەن شۇنچە پەرق مەۋجۇد تۇرۇقلۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　*

بەزىلەر قىلىدۇ ساڭا نەسىھەت،
ئويلىساڭ، ئۇ سۆزلەر دۇرۇس ـ ھەقىقەت .
ئۆزىگە كەلگەندە شۇ نەسىھەتنىڭ
بىشىغا چۈشىدۇ قايغۇ ـ مۇسىبەت .

*　　*

بىزدىكى ئىللەتلەر قۇمدەك، ساماندەك،
سىزىلمەس ھېچبىرى بىزگە ياماندەك .
خۇرجۇننىڭ ئالدىنى كۆرۈپ ياشايمىز،
ئارقىسى تۇرارمىش تىنچ ـ ئاماندەك .

*　　*

كۈندىلىك پۇرسەتنى كۈندىن ئالىمىز،
پەسىللەر پەيتىنى يىلدىن ئالىمىز .
ئىبادەت بىلەنلا ئۆتسە كۈنىمىز،
مەرىپەت نۇرىنى كىمدىن ئالىمىز؟

*　　*

تائەتنى ئاز قىلىپ، ۋاقىتنى تېجەي،
ئەتىكى نائېنىق قۇيرۇقتىن كېچەي .
خەيرىدىن تەمەگەر موللا بولغۇچە،
ئۆيۈمدە بەھۇزۇر قايناق سۇ ئىچەي .

*　　*

قارىيلىق دەستۇرى بىر ـ ئىككى كىتاب،
ئوقۇدۇم، يادلىدىم ئۆمرۈمنى ئاتاپ .
ھاسىلى شۇ ئىكەن: بولدۇم تەمەگەر،
ئۆزۈمنى خار قىلدىم، روھىمنى بىتاپ .

*　　*

ئالىملار يول ئاچتى سىرلىق ئالەمگە،
ئەقىل ھەم كۈچ بەردى سۈنئىي ئادەمگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

ئۇلۇغلۇق تالاشقان بىزنىڭ موللىلار
دېمىدە ئىچۈردى كېسەل پاتەمگە .

* *

مۇھەببەت ھاياتتا چەكسىز ئەقىدە،
تەسۋىرى، تەزكىرى مىڭ ـ مىڭ قەسىدە .
ئۆلۈمدىن كۈچلۈك مەن مۇھەببەت بىلەن،
ئۇنىڭسىز يۈرىكىم سوقار بىھۇدە .

* *

پەزىلەت، شەخسىيەت ئادەمنىڭ سىرى،
قىستايدۇ، قوغلايدۇ بىرىنى بىرى .
پەزىلەت زور كەلسە ئەلنىڭ ئوغلى سەن،
شەخسىيەت زور كەلسە، ئەلدىن تۇر نېرى!

* *

ئىسمىمنى مۇھەممەد قويۇپتۇ ئاتام،
ئىگەمنىڭ كۆڭلىدە بولسۇن دەپ مۇدام .
تۆت ئادەم بار يەردە بىرى مۇھەممەد،
ئۇنداقتا ئىگەمگە يوق ئىكەن ئارام .

1960 — 1990 ـ يىللار

## ئەرزىيەت

ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار،
مېنىڭ ئېتىم تەتۈر پەش،
رەنجىمەڭلار، كۈلمەڭلار،
شۇ كۈنلەردە كۆڭلۈم غەش.

ئەۋرىسى مەن يېزىقنىڭ،
يېشىم ئانچە چوڭ ئەمەس.
خېلى يىللاردىن بۇيان
تەلىيىم كاج، ئوڭ ئەمەس.

مۇھەررىرلەر بىرلىشىپ،
خارلىۋەتتى مېنى بەك،
قورقۇپ قىزىل قەلەمدىن،
بولۇپ كەتتىم پايپېتەك.

بىكەت بولدى مەن ئۈچۈن
مىسرالارنىڭ ئاخىرى.
بولۇپ قالدىم شېئىرنىڭ
تۈگمەس ئەخلەت — چاۋىرى.

مىسرالارغا قارا — قويۇق
پەش قويۇشنى كىم دەپتۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇشۇ گەپنى تاپقانلار
چۆچۈرنى خام يەپتۇ .

ئاكىلىرىم كۆپ يازدى
پەشنى ئىسراپ قىلماڭ دەپ .
مەنمۇ يىغلاپ يالۋۇردۇم
يۈرىكىمنى تىلماڭ دەپ .

خارلىساڭلار ، مېنىڭمۇ
تولغايدىغان بويىنۇم بار .
پەش بولسامۇ خەس ئەمەس،
بەلگىلەنگەن ئورنۇم بار .

2005 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل



[General Information]
书名=奉献生活　维吾尔文
SS号=40232598